هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# كەمتەرلىك ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# كەمتەرلىك ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于谦虚的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978—7—80744—431—2

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122086 号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于谦虚的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦尔·库提鲁克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | (830001 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开　　本 | 880×1230mm |
| 印　　张 | 3 印张 |
| 字　　数 | 51 千字 |
| 版　　次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 书　　号 | ISBN 978—7—80744—431—2 |
| 定　　价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

بىز كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك، چۈنكى ھېچقايسىمىزنىڭ «ۋاھ» دەپ كەتكۈچىلىكىمىز يوق.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەگەر بىر ئادەم باشتىلا ئۆزىنىڭمۇ نۇقسانسىز ئەمەسلىكىنى كەمتەرلىك بىلەن ئېتىراپ قىلسا، ئاندىن ئۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىزگە باھا بەرسە، قۇلاققا ئۇنچە خۇشياقماي كەتمىسە كېرەك.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



ھازىر يۇرەكنى تۇتۇپ بېقىپ گەپ قىلىدىغان ۋاقىت.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ شانلىق نۇرى» دىن

شاتۇت گەرچە قۇشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

ياقتۇرىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئىنسانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھېسداشلىقىقا موھتاج: باللار چوڭ-لارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئازار يېگەنلىكىنى دېيىشكە ئالدىرايدۇ ياكى قەستەن ئۆز - ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈپ، چوڭقۇر ھېسداشلىقنى قوزغاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئوخ-شاشلا، چوڭلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى، بەزى خېيىم-خەتەرلەرگە يولۇقۇشى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆز دەرد - ئەھۋالىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. راست بولسۇن ياكى تەسەۋۋۇرى بولسۇن، باش-قىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى ئارزۇلايدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باتۇرلۇقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئامما ئالدىدا تۇرغاندا، راستىنىلا ناھايىتى غەيرەتلىك ئىكەنلىكىڭىزدەك ھالەتنى ئىپادە-لەپ كۆرۈڭ.



دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

باشقىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا توسالغۇلارغا قانداق دۇچ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنى قانداق يەڭگەنلىكى باشقىلارنىڭ قىزىقى-شىنى ئەڭ قوزغىيالايدۇ.

ھېس قىلمايدۇ، ئالدىدا تۇرسىمۇ ئۇنىڭدىن ۋەھىمە ھېس قىلمايدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

بىر مىنۇت توختاپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىغا بولغان ئىنتايىن قىزىقىشىڭىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئىشىغا يۇزەلا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، ئاندىن دۇنيادىكى مەندىن باشقا ئادەملەرمۇ ھېسسىيات جەھەتتە دەل مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ بىلىڭ. شۇندىلا لىنكولىن، روزۋېلتلاردەك ھەرقانداق خىزمەت ئۈچۈن، پۇختا ئاساس سالالايسىز.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، كاج، جاھىل، تەلۋە كىشىلەرنىڭمۇ ئەيىبلىگۈدەك ھېچقانچە يېرى يوق. بۇنداق بىچارىلەر ئۇچۇن ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق قىلىش لازىم.



دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

سىزگە يولۇققان كىشىلەرنىڭ تۆتتىن ئۇچى ھېسداشلىق قىلىشقا تەشنادۇر. ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلسىڭىز ئۇلار سىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ياقتۇرىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئىنسانلار ئۇمۇمىيۈزلۈك ھېسداشلىققا موھتاج: باللار چوڭ-لارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئازار يېگەنلىكىنى دېيىشكە ئالدىرايدۇ ياكى قەستەن ئۆز ـ ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈپ، چوڭقۇر ھېسداشلىقنى قوزغاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئوخ-شاشلا، چوڭلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى، بەزى خېيىم-خەتەرلەرگە يولۇقۇشى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆز دەرد ـ ئەھۋالىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. راست بولسۇن ياكى تەسەۋۋۇرى بولسۇن، باش-قىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى ئارزۇلايدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باتۇرلۇقنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاما ئالدىدا تۇرغاندا، راستىنلا ناھايىتى غەيرەتلىك ئىكەنلىكىڭىزدەك ھالەتنى ئىپادە-لەپ كۆرۈڭ.



دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

باشقىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا توسالغۇلارغا قانداق دۇچ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنى قانداق يەڭگەنلىكى باشقىلارنىڭ قىزىقى-شىنى ئەڭ قوزغىيالايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

مىڭلىغان ـ يۈزمىڭلىغان توسالغۇلارنى يېڭىپلا قالماستىن، كۈرمىڭلىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كې- يىنمۇ يەنە شۈبھىسىز يېڭىپ چىقىمەن، دېگەن قەتئىي ئىشەنچتە بولۇش كېرەك.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

مەن شۇغۇللانغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن. چۈنكى، مەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەن. مەن ئەزەلدىن ئارىسالدى بولمايمەن. شۇڭا، مەن دۇنيادىكى باشقا ئادەملەردىن ئې- شىپ كېتەلەيمەن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

بىر ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدا قەتئىي ئىرادىدىن تېخىمۇ مۇھىمراق يەنە بىرنەرسە يوق.



دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئۇرۇش سەنئىتى بىر تۈرلۈك پەن. پىلان، ئويلىنىش بولماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش خام ـ خىيال.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگىش ئادرېسى



بۇ ئالەم بايلىق ۋە شەرەپنى بىرلا ۋاقىتتا بىرلا نەرسىگە ئاتا قىلغان — دەيدۇ ئاببوۋىد خوئوباد، — ئۇ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىدىن ئىبارەت. ئالغا ئىلگىرىلەش روھى دېگەن نېمە؟ ھەر قايسىڭىزلارغا دەپ بېرەيكى، ئۇ ھېچقانداق بىر ئادەم سىزگە قانداق قىلىشنى دەپ بەرمىگەن ئەھۋالدا، ئەڭ توغرا ھەرىكەت قىلىشىڭىزدىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئىشىنىمەنكى، ھەربىر ساھەدىكى باشقىلاردىن ئېشىپ مۇۋەپپەقىيەتكە قەدەم قويۇشنىڭ يولى ئۆزىڭىزنى ئاشۇ كەسىپنىڭ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشىڭىزدا. شەخسنىڭ ئىقتىدارىنى پارچىلىۋېتىدىغان تەدبىرگە ئىشەنمەيمەن. ئۆز تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، ئاشۇنداق تەدبىر بار، دېيىلگەن ھالەتتىمۇ، بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ھەممىگە چېچىۋېتىپ، يەنىلا پۇل تېپىش جەھەتتە باشقىلاردىن يۇقىرى ئورۇنغا چىققانلىقىنى كۆرگىنىم يوق، بولۇپمۇ ياساش ساھەسىدە ئۇنداق ئادەمنى زادىلا كۆرگىنىم يوق. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلار بىر كەسىپنى تاللاپ، شۇ كەسىپ بىلەن جاھىلانە ھەپىلەشكۈچىلەردۇر.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

گۈللەنگەن ئىقتىساد ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك، بولمىسا قالايمىقانلىققا پېتىپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئايروپىلان ئۇچ-ماي يەردە تۇرغاندا بىر توپ كېرەكسىز بۇرما مىخ، گايكىلار دۆۋە-سىگە ئوخشاپ قالغاندەكلا ئىش. ئۇ پەقەت ھاۋا بوشلۇقىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندىلا خۇددى سۇغا ئېرىشكەن بېلىققا ئوخشايدۇ، رو-لىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۇ بوشلۇقتا تۇرۇشى ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئالغا ئىلگىرىلى-مىسە، جەزمەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئارقىغا قايتالمايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان يۇقىرى دولقۇن ئۆتۈپ تۇرسىلا ھەممەيلەندە قانائەت پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن



ئەگەر ئادۇوكات بولۇشقا بەل باغلىغان بولسىڭىز، ئىشتا يېرىمدىن ئارتۇقراق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىسىز... ئومۇمەن، دائىم ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزنىڭ جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن، دېگەن ئىرادىڭىز ھەرقانداق باشقا ئىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



مۇھىم.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

بىر قېتىم، ھەتتا يۈز قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقساقمۇ، بۇ ئىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ئىچىدە، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىلا ھەقىقىي تۇردە تەڭرى تالانت بەرگەنلەر، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئۆز يۇرتىدىكى كىچىك بازارلاردا دائىملا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى بەندىلەر. ئەمما، ئۇلار داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرغان.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

مەن بىرەر ئىش قىلغاندا، ئەزەلدىن مەغلۇپ بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان ئەمەسمەن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

قىزغىنلىقنىڭ يوقلۇقى ئۇلۇغلۇق يوقلۇققا باراۋەر.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

مەن ئۇچۇن ئوقۇتۇش بىر خىل سەنئەت ھەم كەسىپ. ئۇ بىر خىل ئەسەبىي قىزغىنلىق. مەن ئوقۇتۇشقا مەستانە، خۇددى رەسسام رەسىم سىزىشنى، ناخشىچى ناخشا ئېيتىشنى، شائىر شېئىر يېزىشنى سۆيگەندەكلا ئوقۇتۇشنى سۆيىمەن. ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن ئىلگىرى، مەن ھامان قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئويلايمەن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

ئادەتتىكى بىر خادىمنىڭ ئۆسەلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇنىڭدا ئۆز خىزمىتىگە ھەقىقىي ھېرىسمەنلىك يوق، ئۇنىڭدا ئالغا ئىلگىرىلەش روھى يوق.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

ئالغا ئىلگىرىلەش روھى دېگەنلىك تەشەببۇسكار بولۇش، بىر ئىشنى باشقىلار تاپىلىغاندىلا ئەمەس، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلىش دېمەكتۇر.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن



مەن پەقەت پۇل بىلەنلا كىشىنى ئۆزىگە قاراتقىلى بولىدۇ، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قارايتتىم. لېكىن، رىقابەتنىڭ پۇلدىنمۇ ئارتۇق قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىكەنمەن.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشقىلارنى، جۈملىدىن ھەرقانچە جەسۇر كىشىنىمۇ پىكىرىمگە كۆندۈرەي دېسىڭىز، ئۇنى رىقابەتكە چاقىرىڭ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەممە ئادەمنىڭ قورقۇنچىسى بولىدۇ، لېكىن باتۇر كىشىلەر قورقۇنچىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ باتۇرلارچە ئالغا باسىدۇ، نەتىجىدە بەزىدە ھالاكەتكە يولۇقىدۇ، لېكىن ھامان غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

كىشىلەر قەھرىمانلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.



دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ شانلىق نۇرى» دىن

تالاش ـ تارتىشنىڭ نەتىجىسى كۆپ ھاللاردا ئىككى تەرەپنى ئۆزىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك

ئىشەندۈرۈۋېتىدۇ، سىز تالاش - تارتىشتا يېڭىپ چىقالمايسىز. ئەگەر يېڭىلىپ قالسىڭىز، ئەلۋەتتە يېڭىلگەن بولسىز؛ مۇبادا يېڭىپ چىقسىڭىز، يەنىلا يېڭىلگەن بولسىز.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» دىن

بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى زىممىسىگە ئالغان ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەپلىك چارە ئۆگىنەيلا دەيدىكەن، ئۆگەنگىلى بولمايدىغان نەرسە يوق.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

لاپ ئۇرما، قىلچىمۇ مەغرۇرلانمىغىن، غادايساڭ بىر كۈنى بولىسەن گۇمران. قەدىمدىن شۇنداقتۇر رەھىمسىز پاكىت: كەمتەرلىك پايدىدۇر، مەغرۇرلۇق زىيان.

چېن يى



قانائەتلەنمەسلىك يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ چاقىدۇر.

لۇشۈن

كەمتەر بولۇش — ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ ئاساسى.

فاڭ شياۋرۇ

جەڭگە مېڭىشتا غادىيىپ مېڭىش، جەڭدىن قايتىشتا قۇيرۇقىنى قىسىپ قايتىش — ئۇرۇشالمايدىغان، ئەمما ئۇرۇشخۇمار كىشىلەرنىڭ قىلىقى.

فىلىك شۆفىلىك

مەغرۇرلۇق ۋە قانائەتچانلىق بىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئورىدۇر. بۇ ئورىنى ئۆز قولىمىز بىلەن قازغانمىز.

لاۋ شې

ئادەم ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزگىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلىپ ئالغا باسالايدۇ.

ئادەم ئۆزىنى ھەددىدىن ئارتۇق مۆلچەرلەپ، ئۆزىنى باشتىن ـ ئاياغ باشقىلاردىن ياخشى دەپ چاغلىسا، مەڭگۈ ئالغا باسالمايدۇ.



ۋاڭ جىيې

ھەقىقىي ئالىم ئېتىزدىكى بۇغداي باشقىغا ئوخشايدۇ، باشاقدان تۇتمىغان چاغدا ھامان تىك تۇرىدۇ، دان تۇتۇپ پىشقاندا،

مۇلايىملىشىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرىدۇ.

مونتېكنې

بىزنىڭ تازا كەمتەر ۋاقتىمىز ئۇلۇغلۇققا ئەڭ يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدۇر.

تاگور

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى شەرتى ھەقىقىي تۇردە كەمتەر بولۇشتۇر. بىز قىممەتلىك پىكرىمىز ھەقىقەتكە زىت چىقىپ قالغاندا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولۇشىمىز لازىم.

سپېنىر

تىرىشچانلىق ۋە قانائەتلەنمەسلىك ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر.

ئېدىسون

مۇبالىغە قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. گەپنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندىن كۆرە ئازراق ئېيتقالغان تۈزۈك.

لېف تولستوي

ئەقىل ـ پاراسەت ياقۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇ كەمتەرلىك ئۆزۈكىگە

كۆز قىلىپ سىلىنسا، تېخىمۇ نۇر چاچىدۇ.

گوركىي

مەغرۇر ئادەمنىڭ ئالدىدا كەمتەرلىك قىلما، كەمتەر ئادەمنىڭ ئالدىدا مەغرۇرلۇق قىلما.

جېففېرسون

كەمتەرلىك جەڭچىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ.

ئوستروۋسكي

يېرىم ـ يارتا بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەغرۇر كېلىدۇ؛ نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەمتەر كېلىدۇ.

شي جۆزەي

مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ماختىمايمەن، مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم، مەرتىۋەم بار، پۇلنىمۇ مەردلىك بىلەن خەجلەيمەن، دوستلىرىم مېنى ناھايىتى قىزىقچىسەن دېيىشىدۇ. بىراق ئۆزۈم بۇلارنى ھەرگىز تىلغا ئالمايمەن. ئارتۇقچىلىقلىرىمغۇ بار، ئەمما ئەڭ مۇھىمى كەمتەرلىكىمدۇر.

مونتېسكيۇ

كەمتەرلەر، چاپسان كېلىڭلار، سىلەرنى بىر قۇچاقلىۋالاي! سىلەر تۇرمۇشنى كىشىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك مۇلايىملاشتۇردۇڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھېچنېمىگە ئىگە ئەمەسمىز دەيسىلەر، بىراق مېنىڭچە ھەممىگە ئىگىسىلەر. سىلەر ھېچكىمنى خىجىل قىلىشنى خالىمايسىلەر، ئەمەلىيەتتە، كۆپچىلىك سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خىجىل. سىلەرنى ئۆزۈم ئۇچراتقان قارىسىغا ھۆكۈم قىلغۇچىلار بىلەن سېلىشتۇرغىنىمدا، ئۇلارنى مۇنبەردىن قوغلاپ، ئالدىڭلاردا يۈكۈندۈرگۈم كېلىدۇ.

مونتېسكيۇ

بىز بىلىدىغان نەرسىلەر چەكلىك، بىلمەيدىغان نەرسىلەر چەكسىز.

لاپلاس

مەن ئىنسانلارنىڭ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئاجايىپ ئىجادىيەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ ئۆزۈمنىڭ بىلىملىرىنى ئەسلىگىنىمدە، نەقەدەر بىلىمسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

گاللىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەقىقىي ۋە ئۇلۇغ نەرسىلەر پاك ۋە كىچىك پېئىل بولىدۇ.

بېلىنسكىي

ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۇپەتىنىڭ ئاشۇرما دەرد- جىسىدىن ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈش ۋاسىتىسىدىن قاتتىق يىرگە- نىدۇ، ئۇلۇغ شەخسلەر ئومۇمەن كەمتەر، ئېھتىياتچان كېلىدۇ.

بېيفرىچ

مەغرۇرلۇقنى شۇنداق چۈشەندۈرۈشكىلا بولىدۇكى، مەغرۇر- لۇق بىلىمسىزلىكتۇر.

فرانكلىن

ھەقىقىي توردە بىرەر نەرسە ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن كەمتەر بولۇشىمىز لازىم.

لىي فېك

يۇقىرى مەرتىۋىڭىزدىن ئەنسىرىسىڭىز، كەمتەر بولۇپ تەر- بىيىلىنىشىڭىز، قانائەتلىنىشتىن ئەنسىرىسىڭىز، دېڭىزنىڭ دەريا سۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرۇشىنى كۆز ئالدىڭىزغا

كەلتۈرۈشكىنىز كېرەك.

ۋېي جېڭ

ھەقىقىي تۈردە بىرەر نەرسە ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن كەمتەر بولۇشىمىز لازىم. مەسىلەن، چىنە لىق توشقۇزۇلغان بولسا، ھەر- قانچە مەززىلىك تاماق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇسقىلى بولمايدۇ، چىنە قۇرۇق بولسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن تاماق ئۇسقىلى بولىدۇ.

لېي فېڭ

قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغاندىلا بىلىمنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلىنىدۇ، كەمتەرلىك ئەنە شۇ يېتەرسىزلىكنى بىلىشتىن كېلىدۇ. ساختا كەمتەر ئادەم چاكىنا ئالقىشقا سازاۋەر بولۇش بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ ـ دە، ھەقىقىي تۈردە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.



خۇا لوگېڭ

مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىم باشقىلار تېرىپ قويغان زىرائەتنى ئورۇۋېلىشلا خالاس.

گيوتې

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەمتەر ئوقۇغۇچى ئۆزىگە ئوقۇلغان مەدھىيىگە كۆڭۈل بۆلـمەيدۇ، بەلكى ھەقىقەتنى قەدىرلەيدۇ؛ مەغرۇر ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى سازاۋەر بولغان شان ـ شەرەپنى كۆز ـ كۆز قىلىشنى ئويلايدۇ، ھەقىقەتكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. تەپەككۇر تارىخىغا دائىر خاتىرىلەرگە قارىغاندا، كەمتەرلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، مەغرۇرلۇق بولسا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ.

پىلېخانوف

ئۇ (گالىلېي) ماختىنىپ كەلسە ـ كەلمەس سۆزلىگەندىن كۆرە، «بىلمەيمەن» دېگەن ئاقىلانە، دانا ۋە كەمتەر سۆزنى قىلغان تۈزۈك دەپ قارايتتى.

دانپول

ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىشىدە.

جون پائۇل

ئادەم ئۆزىنىڭ بىلىم جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى يوشۇ- رۇشقا ھەرگىز ئۇرۇنماسلىقى لازىم، ئىنتايىن يۈرەكلىك بىلەن

قىياس ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق يوشۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق سوپۇن ماغزىپى كۆزۈڭنى ھەرقانچە قاماشتۇرسىمۇ بەربىر يوقاپ كېتىدۇ ـ دە، سەن خىجالەتچىلىكتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن.

پاۋلوف

بەزىلەر مېنى «ئۇلۇغ شەخس» دەپ مۇبارەكلەيدۇ، مەن بۇ گەپنىڭ سەممىي گەپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، لېكىن شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ گەپ ئوشۇقلۇق قىلىدۇ. مەن پۈتۈنلەي ئاددىي بىر ئادەم، ئۆزۈمدە بىرەر ئۇلۇغلۇقنىڭ بارلىقىنى سەزگىنىم يوق. مەن ئۆز خىزمىتىمنى ۋە ھەرقانداق ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ يامان ئەمەس خىزمەتچى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشىم مۇمكىن.

گوركىي

ھەقىقىي كەمتەرلىك ـــ شۆھرەتپەرەسلىك ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ مەھسۇلى.

بېرگسون



بىرەر مىنۇت، بىرەر سېكۇنت قانائەتلەنسىڭىز، شۇ مىنۇت، شۇ سېكۇنتتا ھاياتىڭىزنى توختاتقان بولىسىز. تەنقىدنى قوبۇل

www.uyghurkitap.com

قىلغاندىلا، روھىي جەھەتتىكى بارلىق داشقاللارنى تا[illegible] بولىدۇ. باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغاندىلا، مەنىۋى جەھەتتە يېڭى ئوزۇقلۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

شۇي تېلى

كەمتەرلىك دېگىنىمىز باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆرۈنۈشتىلا قوبۇل قىلىدىغان كىچىك پېئىللىق ئەمەس، باشقىلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلماي، مۇنازىرىلەشمەي، تەنقىدنى قانات يايدۇرماي، ھەق - ناھەقنىڭ ۋە ھەقىقەتنىڭ چېگراسىنى غۇۋالاشتۇرۇش دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇش، چۈشەنمەي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ پىكرىگە قارىغۇلارچە قوشۇلماسلىق دېگەنلىك.

شۇي تېلى

ھەر كۈنى ئىلگىرىلەش، توختىماي ئىرىشىش لازىم.

چېن يى

ھەقىقىي كەمتەرلىك دېگىنىمىز ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋال-ماسلىق، ئىدىيىدە تولۇق ئازاد بولۇش، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئاسا-رىتىگە ئۇچرىماسلىق، ھەرقانداق ئىشقا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن

ئىزدەش پوزىتسىيىسى تۇتۇش، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھ-
لىل قىلىش، ھەممە تەرەپنىڭ پىكرىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەكلى-
كىنى كۆرسىتىدۇ.

دېڭ تو

قەلەندەرلەرچە كەمتەرلىكتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى
مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز ـ تولا تۆھپە قو-
شالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

دىتزگېن

كىمنىڭ ئادەت ـ خۇلقى يامان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن
خەلق قاچىدۇ. ئۇ پەس تەبىئەتلىكىدە، خارلىقتا
«كامال» تاپقان بولىدۇ؛ ئادەمىيلىكتىن زاۋال تاپقان
بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى



ئەدەپتىن مۇھەببەت زىننەت تاپىدۇ، ئەدەپسىزلىك بىلەن
دوستلۇقنىڭ رەۋنەقى كېتىپ قالىدۇ. ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك دوست-
لۇقنىڭ ئائىنەسىگە جۇلا بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ ئىگىسىگە تەزىم ۋە ھۆرمەت يېتىلىپ تۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەخلاق شەخسنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە كىيىملەر ئارىسىدىكى دىباسىدۇر (يىپەك كىيىمىدۇر).

ئەلىشىر نەۋائى

مىننەتلىك ئاشتىن تىنچ كۆڭۈل بىلەن ئىچكەن ئۇماچ ياخشىراق.

ئەلىشىر نەۋائى

ھايالىق ۋە ئەدەپلىك بولۇپ ياشا، تەزىم ۋە ھۆرمەت كۆرىسەن، قايسى ئەلنىڭ كىشىسى بولساڭ، شۇلاردەك بول، ئۆزۈڭ نېمىنى دوست تۇتساڭ، شۇ تەرەپكە ماڭ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادەملەرنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈشكە ئالدىرىما ۋە ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن خورلىما.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەدەپ ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشىكىنى ياپىدۇ، ئادەمنى مەسخىرە، كەمسىتىشتىن ساقلايدۇ. ئەدەپ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئىنسانىي پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئارام بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئاتىسىغا بويسۇنمىغان ئادەم ئۇستاز بىلەن خوجايىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئويۇندەك ھېسابلايدۇ، ئاتىسىغا، ئۇستازىغا، خوجايىنىغا ئاسىي بولغان كىشى تەڭرىگىمۇ ئاسىي بولغان بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەدەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە تەزىم ۋە ئەدەپنىڭ بىناسىنى يىقىتما، ھايا ھەم ھۆرمەتنىڭ خىلۋىتىدىن تاشقىرى چىقما.



ئەلىشىر نەۋائى

يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قاقاقلىغىنىڭ كۈلكە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز ماتىمىڭ ئۈچۈن كۈلگەن ئاچچىق كۈلكىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خەلقئالەمگە بىردىنبىر شەرەپلىك نەرسە، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ھايادۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان شۆھرەت، ئەمەل ۋە نەسەبلەرنىڭ ھېچقايسىسى شەرەپلىك ھېسابلانمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەدەپسىز كىشى مەيلى قانچىلىك يۇقىرى مەرتىۋە ئىگىسى بولسۇن، بەختلىك بولالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

قاتتىق كۈلۈشمۇ ئەدەپسىزلىك جۈملىسىگە كىرىدۇ، ئۇ ئەدەپنى تەرك قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

مۇھەببەتكە ھەقىقىي زىبۇزىننەت پەقەت ئەدەپ ئارقىلىقلا كېلىدۇ. دوستلۇق ۋە ئۇلپەتچىلىكنىڭ راۋاج تېپىشى ئەدەپ ئارقىلىق بولۇنغىنىدەك، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ ئەدەپنى تەرك ئېتىش بىلەن بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

پەلەكنىڭ چاقى كەمتەرلىكنىڭ ئۈستىدە ئېگىلىپ تۇرىدۇ،

ئۇنىڭ ئەمرىگە پۈتۈن ئالەم ئىتائەت قىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئېغىر ـ بېسىقلىقنى خۇددى بىر گۆھەر دېسەك، مۇلايىملىق باشقا كاندىن ئېلىنغان مەدەندۇر. بۇلار ئارقىلىق سەن شاھ بىلەن گادايىنى ئۆزۈڭگە ئىتائەت قىلدۇرالايسەن.

ئەلىشىر نەۋائى

بەزمىلەردىكى كۈلكە ـ چاقچاق، غەزەلخانلىق گەرچە كىشىلەرگە لەززەتلىك تۇيغۇ بېغىشلىسىمۇ، لېكىن ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن ھايا يەنىلا ھەممىدىن ياخشى ۋە يېقىملىقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئوچۇق چىراي، ئەخلاقلىق بولۇش كىشىنى ئادەملەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن، ئارازچىلىق ۋە پىتنە ـ پاساتلاردىن خالىي قىلىدۇ.



ئەلىشىر نەۋائى

مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك بولۇش ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېغىدۇر، ئادەملىك تېغىنىڭ ئىچىدىكى قىممەتلىك يەر ئاستى

بايلىقلار بىلەن تولغان زور كاندۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

مۇلايىملىقنى ھادىسىلەر دەرياسىدا تۇرغان كىشىلەر كېمە. سىنىڭ لەنگىرى دېيىشكە ۋە ئىنساننى ئۆلچەيدىغان تارازىنىڭ تېشىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

مۇلايىم ۋە ئۇياتچان، ئەخلاقلىق كىشى ھەممە يەردە بەختلىك بولىدۇ ھەمدە چوڭلار نەزىرىدىمۇ ئىسسىق چىراي كۆرۈنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەي بالا، سەن ياشانغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ نازۇك بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك. ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمە. پېشقەدەملەر تولىمۇ يۇمشاق كۆڭۈل بولىدۇ. بالىلار، ئويۇنىغاندا دەرەخنىڭ قۇرۇق شاخلىرىنى ئازراقلا ئەگسەڭلار سۇنۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭلار.

ئەلىشىر نەۋائى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تاربىسى

ئۇستا ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلار ئۇچۇن مۇھىم بولغان بىر ئىش شۇكى، ئۆز ئەيىبىنى يېپىش ئارقىلىق ھۇنەر تېپىشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۆزى ئەيىبسىز بولغان كىشى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ، ئۇلارنىڭ پەقەت ياخشى تەرەپلىرىنىلا سۆزلەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

بىراۋنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار مۇراد گۇۋاھچىلىرىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىنى تۇتالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى



كىشى خۇش چىراي، شېرىن سۆز بولسا، ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا باشقىلارغا، بولۇپمۇ گۈزەللىك ئىگىسى بولغان ھەرقانداق بىر كىشىگە ئىنسان قەلبىنى ئەسىر قىلىدىغان بىر خىل ئۇۋچىلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارقاتقۇچىسى

ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىلا ئىنسان دەپ بىل. پەقەت ياخشى ئىنسانلارلا، تىللىرىنى يامان سۆزلەردىن ساقلىيالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

زۆرۈر تېپىلغاندا راست سۆزلەشنى ئورۇنسىز دەپ قارىساڭ، يالغانچىلىقتىنمۇ ساقلان.

ئەلىشىر نەۋائى

كۆڭلىدىن كەمتەرلىك ئارزۇسى كەتمىگەن كىشىنى خۇدا نائۇمىد قىلمىغاي.

ئەلىشىر نەۋائى

كەمتەرلىك كىشىنى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە دوست تۇ-تۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەنە شۇنداق دوستلۇقنىڭ گۈلشىنىدە گۈزەل گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئۇ گۈللەر ئىناقلىق ۋە ئۇلپەتلىك بەزمىسىگە چېچىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

مۇلايىملىق ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېغى، ئادىمىيلىك

دۇنياسىنىڭ گۆھەرلىك تېغىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر كەمتەرلىك تەكرارلىنىۋەرسە، ھاياسىز مۇددەئى (دەۋا قىلغۇچى) نى ئاخىرىدا ئۇياتچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. كەمتەرلىكنىڭ يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىشى بىلەن ئىنساپسىز دۇشمەن يامانلىقتىن يانىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

مۇلايىملىق — ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قىممەت باھا لىباسى ۋە كىيىم تۇرلىرىنىڭ ئەڭ چىدامىلىق رەختىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

كەمتەر كىشىلەر كۆپ سۆزلەشتىن قاچىدۇ. ئۇلار كۆپ ئاڭ-لاشنى خالايدىغان ۋە ياقتۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ كىچىكلەرنى چوڭلارنىڭ دۇئاسىغا سا-زاۋەر قىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كەمتەرلىك ئۇششاقلارنى كىشىنىڭ كۆزىگە چوڭ كۆرسىتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەر كىشىگە بىرەر مۇلايىملىق قىلساڭ، مىڭ ناپاكلىقتا يول قويۇشۇڭ كېرەك. بىرنى بىر قېتىم ماختىساڭ، ئون قېتىم تىللاش بىلەن قۇتۇلالمايسەن.

ئەلىشىر نەۋائى

مۇلايىملىق — ئىتتىپاقسىزلىق شامىلىنىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن ۋە ھەۋەس كوچىسىدىكى مۇناپىقلارنىڭ بىمەنە، يولسىز غەزەپلىرىدىن ساقلىغۇچىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

پېقىرمەن دەپ ئۇلاق - قۇراق جەندە ۋە بورىيا كىيىمۇ، ئۇ بورىيا كىيگەن بىر ھۆكۈمرانغا ئوخشىشىدۇ، بىرىنىڭ ئۆزىنى گاداي دېگىنى، يەنە بىرىنىڭ ئۆزىنى پادىشاھ دېگىنى ئەقىل بىلەن ھايانىڭ يوقلۇقىدىندۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

هايا بىلەن ئەدەپ — ئىماننىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت ۋە تەزىم ئۇلۇغلۇقنىڭ سەۋەبچىسى.

ئەلشىر نەۋائى

ھاياسىزلار دوستلۇققا، پاسىق سىرداشلىققا يارىماس.

ئەلشىر نەۋائى

قىلىسقىز ئادەم، بەتپېئىل، مىجەزى چۇس ئادەم بىر بالاغا گىرىپتار، بىر ئاپەتكە مۇپتىلا بەتبەشىرىدۇر. ئۇلار نەگىلا بارسا، بالادىن قۇتۇلالماس، ئاپەتتىن خالىي بولالماس.

ئەلشىر نەۋائى

پاسىق زىيانغا خۇمار بولغۇچىدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

ئەركىشى كۆپ ياسانسا بىۋە (تۇل، بويتاق) بولغاي، بۇ سۈپەت خوتۇنلارغا شىۋە (ئادەت) بولغاي.



ئەلشىر نەۋائى

ياسانچۇق مەردانە بولماس.

ھەرقانداق كەسىپ ئىگىسى ئۆز ھۈنىرىنى ماختاشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈكۈل ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مۇبالىغە قىلىدۇ. ھەقىقەتتە، ئۇ ئۆزىنى ماختاشقىمۇ مۇبالىغىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

باينىڭ ئۆز بايلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چاپان كىيىشى ئىپلاسنىڭ يېپەك كىيىم كىيگىنىگە ئوخشاشتۇر. گۈزەل يىرتىق تون كىيسىمۇ يەنە گۈزەلدۇر. گۈل يامان چاپان بىلەن يەنە چىرايلىقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

مەنپەئەتپەرەسلىك ئەقىلنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ، شەيتاننىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ چارچىمايدۇ. ئۆز نەزىرىدە ئۆزى دانا ۋە چېچەن. ئۇنىڭ ھەربىر بولمىغۇر ئىشى ئۆزىگە گۈزەل ۋە ئېسىل كۆرۈنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئاددىي ــ ساددىلىق ئەخلاقىي پۈتۈنلۈكنىڭ باش شەرتىدۇر.

ل. ن. تولستوي

ئاددىي ــ ساددىلىق ھەممە نەرسىگە قارىغاندا ئەك ئۇلۇغ

پەزىلەتتۇر.

ل. ن. تولستوي

خاراكتېردە، ئىش ـ ھەرىكەتتە، ئۇسلۇبتا ھەممە نەرسىدىكى گۈزەللىك ئاددىي ـ ساددىلىقتۇر.

گ. لوگفېللو

ئاددىي ـ ساددىلىق ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىڭنى چۈشىنىشىڭدۇر.

پ. بوئاست

كىچىك ئادەملەر ھەمىشە ئاددىي كېلىدۇ.

ل. ن. تولستوي

ھېچنېمە بۈيۈكلۈكتەك كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرمايدۇ؛ ئاددىي ـ ساددا بولۇش — بۈيۈك بولۇش دېگەن سۆز.

ر. ئېمېرسون

ئۆزىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇۋالماي، ھەممە ئادەملەر قاتارىدا

بولۇش تەڭداشسىز بەخت.

م. م. پرىشۋىن

ياخشىلىقنىڭ كۈچى ئۇنىڭ ئاددىيلىقىدىدۇر.

ئا. فېيختېرسلېبېن

كەمتەر بول، غۇرۇرنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چېقىلمايدىغان بىرلا تۈرى شۇ كەمتەرلىكتۇر.

ژ. رېنار

سۇ ئوتنى ئۈچۈرگەندەك كەمتەرلىكمۇ مەغرۇرلۇقنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى ئېيىقنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان زەنجىرگە ئوخشايدۇ.

ت. گېيپېل



ئەزايى بەدەنلەر ئۈچۈن، ھايات قانچىلىك زۆرۈر بولسا، كۆڭۈل ئۈچۈن كەمتەرلىكمۇ شۇنچىلىك زۆرۈردۇر.

ف. بېكون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەمتەرلىك سېخىيلىقنىڭ كۆۋرۈكى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ يەنە قاراۋۇلىدۇر.

ج. ئاددىسون

كەمتەرلىك ئابرۇيىنى ئاشۇرۇپ، لاياقەتسىزلىكنى يوشۇرىدۇ.

ف. لاروشفېك

كەمتەرلىكنىڭ يېتىشمەسلىكى ئەقىلنىڭ يېتىشمەسلىكىدۇر.

ئا. پوپ

كىم ئۆزىنى چوڭ تۇتمىسا، ئۇ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ دۇرۇسراق ئادەمدۇر.



ئى. گيوتې

ئادەم كەسىر جەدۋەلىگە ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى كەسىر سۈرىتى بولسا، مەخرىجى ئۆزى ھەققىدىكى پىكىردۇر. مەخرەج قانچىلىك چوڭايغانسېرى سۈرەت شۇنچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىچىكلەيدۇ.

ل. ن. تولستوي

ئۆز يېتىشمەسلىكىڭنى چۈشىنىشىڭ كامالەتكە يېتەلەيدۇ.

ئى. گيوتى

ھەممە ۋاقىت دېگۈدەك كەمتەرلىك ئىستېبداتقا توپتوغرا پروپورتسىئونال ماڭىدۇ.

گ. ۋ. پلېخانوف

ماختاشلارغا پەرۋاسىز قارىغان ئادەم ئەمەس، ھېس - تۇيغۇلارغا دىققەت قىلغان ئادەم كەمتەردۇر.

ژان پول



ئادەمنىڭ خالىسا، كەمتەر بولۇپ كۆتۈنۈۋېلىشى قەدىمدىن بولۇپ كەلگەن ئىش؛ ئەمما كەمتەر ئادەم ھاياسىز بولۇپ كۆرۈنەلمەيدۇ.

گ. لىختېنبېرگ

ئەپچىل ۋە ساختىپەز بولۇشتىن كۆرە، ئاددىي ۋە ھالال بول.

**سافاكل**

تېخى ھېچكىم كەمتەر ياشىغىنىدىن ئەپسۇسلانمىغان.

**ل. ن. تولستوي**

كەمتەر بولمىغان ئادەم كۆپىنچە ياۋۇز ئادەمگە قارىغاندا خەۋپ-لىكرەكتۇر. چۈنكى، ياۋۇز ئادەم پەقەت ئۆز دۈشمىنىگىلا يامانلىق قىلسا، كەمتەر بولمىغان ئادەم دۈشمىنىنىمۇ، دوستىنىمۇ ئايى-مايدۇ.

**ج. ئاددىسون**

ھەممە نەرسىدە، ھەتتا كەمتەرلىكتىمۇ ئۆلچەمنى بىلىش كېرەك.

**ئا. فرانس**



ئاجىزلىقتىن كېلىپ چىققان كەمتەرلىك پەزىلەت ئەمەس.

**ئاباي قۇنانبايېۋ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەمتەرلىكنى مەسخىرىلەش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويماس-تىن، بەلكى ئۇنى ئاسراش كېرەك.

گا. باكىخانوف

تولىمۇ كەمتەرلىك يوشۇرۇن تەكەببۇرلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

گا. شىنې

كەمتەرلىكنى پەش قىلىدىغان كەمتەرلىك — كەمتەرلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ كەمتەرلىك جەندىسىگە ئۆگىنىپ قالغان تەكەب-بۇرلۇقنىڭ دەل ئۆزىدۇ، خالاس.

ئى. بېخېر

باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان كەمتەرلىك پەردە ئىچىدىكى مۇناپىقلىقتۇر.

ف. لاروشفېك



ساددا بولۇپ كۆرۈنۈشنى خالىغۇچىلار ئۇنچە بوزەك ئادەملەر ئەمەس. قەستەن ساددىلىق ئەڭ چوڭ، ئەڭ سەت

سۇنئىيلىكتۇر.

ل. ن. تولستوي

ساختا كەمتەرلىك مەنمەنلىكتەك يىرگىنىشلىكتۇر.

ك. گولدانى

ئاللىقاچان ھۆكۈم شەكلىدە قېلىپلىشىپ بولغان ئۇقۇملار-نى كۆرۈنگەنلا يەردە ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ يۈرمەي، بىلىمىڭ قانچە ئاشقانسېرى شۇنچە كەمتەر بولساڭ، ئاندىن جەلپكارلىق شۇنچە ئاشىدۇ. ئابرۇيپەرەسلىك ئاپىرىدە قىلغان پىسخىك ئېھتىياجىڭنى قاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىمۇ دەل كەمتەرلىكتۇر. بەزى ئىشلار ساڭا نىسبەتەن قىلچە گۇمانسىز دەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى سەن ئاشۇ ئىشنىڭ ئېنىق بولمىغان تەرەپلىرىنىڭ ھامان مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈپ تۇر. راستى-تىنلا باشقىلارنى قايىل قىلماقچى بولساڭ، ھەممىلا يەردە ئۆ-زۈڭنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەققىدە داۋراڭ سېلىۋەرمەي، ئەكسىچە قارشى تەرەپكە ئۆز كۆز قارىشىڭنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئاشۇ كۆز قارىشىڭ ھەققىدىكى تېخىمۇ ئىشەنچلىك دەلىللەرنى ئاڭلاشنى خالايدىغانلىقىڭنى بىلدۈرگىن.

**لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن**

ئادەم ئۆزى ھەققىدە لام دەپ ئېغىز ئاچمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى خالايىق ھامان كۆرۈپ يېتىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئۆز پەزىلىتىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى قەستەن سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق. جۈملىدىن ھەممىلا يەردە ئۆزىنى ماختاپ داۋراڭ سېلىپ يۈرىدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى ئاشكارىلايدۇ؛ كەمسۆز ئادەمنى بولسا، باشقىلار ئېغىر - بېسىق، لاتاپەتلىك ئادەمكەن، دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، ئۆزى ھەققىدە ئاز سۆزلەپ، باشقىلار ھەققىدە كۆپرەك ياخشى گەپ قىلىش — ئاقىللىقتۇر.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق سەممىيەتسىزلىكنىڭ نىقابلىنىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى، دۇنيادا ھەممىنى بىلىدىغان، ئۇنداق قالتىس كىشىلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭچە، كەمتەرلىك بىزدىن ئۆزىمىزنى كەمستىشنى ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق ھالدا كىچىك پېئىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن

كەمتەرلىك دېگىنىمىز، ساختىلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلا-
پ، ئۆزىگە ھەقىقىي سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى
كۆرسىتىدۇ.

ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن

ئاتاڭنىڭ كىيگىنى تېرە تۇماق،
ساڭا نېمە يوغان دىماغ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئات مىنىپ ئاتامغا باقمىدىم.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئابدالدا ئۇيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئاقىلنىڭ ئالامىتى كەمتەرلىك،
نادانىنىڭ ئالامىتى تەكەببۇرلۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن ئېغىرلىق بىلەن يەگدەر.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

ئاقساق قوي ئۆر تالىشار،
ئايىملار تۆر تالىشار.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

ئاچ قورساق خام دېمەس،
كەمتەر نام (دېمەس).

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

ئاق ناننى ياراتمىغان زاغىرا كۆمەچكە ئۆچ بولۇر.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

ئاتتىن چۈشسە، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

ئالىمدا دىماغ يوق،
تاۋاردا ئۇلاق (يوق).

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

ئاتقۇچىنىڭ لاپ ئۇرمايدىغىنى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ــ تەمسىللىرى» دىن

ئالدىراڭغۇ ئات كۆتۈرەر،
توختۇن تاغ (كۆتۈرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ــ تەمسىللىرى» دىن

ئەجەب كۇلدۇڭ ئالتۇن تاپقاندەك،
قىلغان ئىشىڭ پايپاقتا نال قاققاندەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ــ تەمسىللىرى» دىن

بىر نان تاپسا داپ چېلىپ، ئىككى نان تاپسا چەللىدە ئات چېپىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ــ تەمسىللىرى» دىن



بىر يەپ ئىككى تويغان هۆكمەت چولاق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ــ تەمسىللىرى» دىن

بۇقىدەك هۆركىرەپ، ئىنەكتەك سىيىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ــ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىلەرمەنلىك —ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پاقا ئۆكۈز بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پاقا ئۆزىنىڭ قومچاق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

پامپىلىقتىن داڭگال تاپالماپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تاراڭلىغان تۇگمەننىڭ ئۇنى يىرىك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇخۇمى يوق مېكىيان تولا قاقاقلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تولا قاقاقلىغان توخۇ تۇخۇمنى ئوغرىغا بېرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چۈجىنى كۈزدە سانا،
چۆچۈرىنى پىشقاندا (سانا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چىلىلىغاندا كەلمەي، ئۆزى كەلگەن شەرمەندە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چوڭ بولساڭ، كىچىك بولماق تەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خورىكى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دەرەخ ئۆزىنى تاغ چاغلار،
يۆگىمەچ ئۆزىنى باغ (چاغلار).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دىمىغى ئۇستۇن ئازگالغا چۈشەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

سەللە يوغان، ئىمان يوق،

داستىخان يوغان، بىر نان (يوق).

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

سۈتسىز ئىنەك بەك مۆرەر.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

سۈيى يوق ئېرىقتا مىراب بوپتۇ.

شامال يەپ بوران كېكىرىپتۇ.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

قىرچاڭغۇ ئات سەمرىسە تۇتۇق بەرمەس.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

كاككۇك ئۆز ئېتىنى قىچقىرار.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

كاكىلىشى بىر تۇخۇم، ۋاي ئۇنىڭ ۋاقاقلىشى.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

كەپتىرى يوقنىڭ پەغىزى يوغان،
تاماكىسى يوقنىڭ قەغىزى (يوغان).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كەمتەر بولساڭ ئۆسەرسەن،
مەغرۇرلانساڭ چۆكەرسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كەمتەر ئامال تاپار،
تەكەببۇر زاۋال (تاپار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كەمتەر كامال تاپار،
مەنمەنچى زاۋال (تاپار).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆككە باققان يىقىلۇر،
پاچىق ـ باققان تىقىلۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرەك ئاغزىدا شەھەر ئېلىپ، ئۇسسۇزلۇقىدا سېپىل سوقار.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

كۆز ـ كۆز قىلما، كۆز تېگىدۇ،
ماختانچاقتا سۆز (تېگىدۇ).

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

كۆپ مىياۋلىغان مۈشۈك چاشقان تۇتالماس.

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

كىشىنىگەن ئايغىرنىڭ ئۇيۇرىنى كۆر،
كېرىلگەن يىگىتنىڭ تويىنى (كۆر).

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**



كېرىلگىنىنىڭ كۆل بولغاي،
يېرىلغىنىنىڭ يەر (بولغاي).

**«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن**

كىشى ھىيلە بىلەن قىلسا غۇرۇر،
ئايىغى تەرەپتىن ساماندەك قۇرۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

گەۋدىسىگە مەغرۇر بولغان تۆگە مۇچەلگە كىرەلمەي قالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماختىغان قىز مەرىكىدە ئوسۇرۇپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماختانغانىنىڭ ئۆيىگە بارما،
كېرىلگەنىنىڭ تويىغا (بارما).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماختانغانىنىڭ ئۆيىگە بارما، تويىغا بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ماختاش — ئاش بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



مەنمەنچىلىك كېلەر پۇلدىن،
ئازدۇرار سېنى يولدىن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مۇشۇكنىڭ گۆشكە بويى يەتمىسە، «روزا تۇتتۇم»
دەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مىنگىنىڭ كىشىنىڭ بىيىسى،
ئەتە كېلەر ئىگىسى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرار،
مېۋىسىز دەرەخ گىدىيىپ (تۇرار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھاكاۋۇرنىڭ ئاڭلىشىدىن سۆزلىشى تولا،
كەمتەرنىڭ سۆزلىشىدىن ئاڭلىشى (تولا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھاكاۋۇرنىڭ دەسمايىسى غالتەكتە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھەتتەملىككە① ھەشەم كېرەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھەتتەمدە ئەقىل بولماس،
ئەقىل بولسىمۇ نەقىل (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئورۇق ئۆينىڭ پوقى چوڭ،
ئاشلىقى يوقنىڭ چارىكى (چوڭ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئورۇق ئۆينىڭ مۈڭگۈزى يوغان،
ئورۇق ئۆچكىگە يوغان مۈڭگۈز.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

---

① ھەتتەم — ئەخمەق، ھەشەمەتخور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

ئۆزى ئۇلۇغ، سۆزى قۇرۇق، ئاسماننى تېپەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنى ماختىغان ئۆلۈم بىلەن تەڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنى بىلمىگەننىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئال.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېغىرلىق —راھمانلىق،
يېنىكلىك —شەيتانلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېغىر تاشنى سۇ ئالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېغىر بولساڭ ئامبال بولارسەن،
يېنىك بولساڭ تامبال (بولارسەن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېغىزلىقنى تاشقا بەرگەن،
يېنىكلىكنى ياشقا (بەرگەن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېغىز ـ بېسىق بولساڭ خىزىر بولارسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېيىق ئۆز كۈچىنى ئۆزى بىلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېغىزىدىن كەلگەن قولىدىن كەلسە، ھەممە ئادەم پادىشاھ بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېچىدە ئىنى يوق، چىچقىلى ئامانقاغىنىغا بېرىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئىتنىڭ سۆرى — باغلاقلىقتا،
ئادەمنىڭ سۆرى — سالماقلىقتا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش
www.uyghurkitap.com

ئەت بېشى تەخسىدە تۇرماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىچىدە ئېشى يوق، چىققىلى...

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانلىغان ئابدالنىڭ خورجۇنىغا زىيان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يىگىتنى خا قىپتۇ،
غېرىچىنى غولاچ (قىپتۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يۈز خان بىر تازغا يارىماپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



بىلىشىڭ كېرەككى، بىر كۆڭلۈك خىزمەتتە، ئەگەر سەن كەمتەر، ئەدەپلىك بولساڭ، خۇشال بولساڭ، ئاخشىمى ئۆيگە قايتقاندا، چالۋاقىغان چاغدىكىدەك چارچىغانلىقىڭنى ھېس

قىلمايسەن. خۇشاللىق، كۆلكە جىددىيلىكنى تۈگىتىدۇ. سىنى چارچىتىدىغان نەرسە خىزمەت ئەمەس، بەلكى سىنىڭ پسىخولوگىيىلىك پوزىتسىيەڭ. سىناپ كۆرۈپ باقىن!

**دالى كارنېگ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈلمە**

ئۆزۈمنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىغا توغرىدىن ـ توغرا رەددىيە بەرمەسلىكىمنى، ئۆز تەشەببۇسۇمنى ھەددىدىن زىيادە مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىكىمنى بەلگىلىگەنمەن. ھەتتا گەپ قىلغاندا مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەنىسىدىكى سۆزلەرنى قىلىشقىمۇ يول قويماي-مەن. مەسىلەن، «شۈبھىسىز»، «شەك ـ شۈبھىسىز» دېگەن گەپلەرنىڭ ئورنىغا «مېنىڭچە»، «ئۇقۇشۇمچە» ياكى «ئويۇمچە» بۇ ئىش بۇنداق ياكى ئۇنداق دەيمەن؛ ياكى بولمىسا، «ھازىرقى قارىشىمچە ئۇ شۇنداق ئىكەن» دەيمەن. مەن خاتا دەپ قارىغان بىرەر ئىشنى باشقىلار بىر-شەملىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويسا، مەن بىردەملىك خۇشاللىقنى دەپ قارىسىغا رەددىيە بەرمەيمەن ياكى ئۇ تەشەببۇس قىلغان مەلۇم بىر-مەنىلىكنى دەرھال كۆرسەتمەيمەن؛ مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ مەلۇم مىسال ياكى ئەھۋالدا توغرا قىلغانلىقىنى، لېكىن بۇ مىسالدا، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پىكىرلەر مېنىڭ پىكرىمگە ئوخشىشىپ تۇرىدۇ، ياكى باشقىچە تۇرىدۇ ۋەھاكازا دەيمەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



پىكرىمنى ئۆزگەرتكەنلىكىمنىڭ پايدىسىنى كۆرىمەن: مەن قىات-ناشقان سۆھبەت تېخىمۇ خۇشاللىق ئىچىدە داۋاملىشىدۇ. مەن كەمتەرلىك بىلەن بەرگەن پىكىرنى كىشىلەر تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، رەددىيىمۇ ئاز بولىدۇ؛ باشقىلار مېنىڭ خاتا قىلغانلى-قىمنى كۆرسىتىپ بەرگەندە، ئۆزۈممۇ ئىزا تارتىپ كەتمەيمەن، بەلكى كىشىلەرنى ئۆز خاتالىقىدىن ۋاز كېچىشكە تېخىمۇ ئاسان دەۋەت قىلالايمەن ھەمدە مېنىڭ توغرا بولۇپ چىققاندا، مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلىدۇ.

دەسلەپتە، بۇ ئۇسۇلنى ناھايىتى تەبىئىي ئىپادىلەش ئۈچۈن خېلى كۆچ سەرپ قىلغانىدىم، كېيىن ناھايىتى ئازادىلىك ھېس قىلىدىغان بولدۇم ۋە ئادەتلىنىپ قالدىم. شۇڭا ئۆتكەن ئەللىك يىلدىن بۇيان ھېچكىممۇ مەندىن بىشەم سۆز ئاڭلاپ باقمىدى. مەن مۇنداق ئويلايمەن، كىچىك چېغىمدا، بىرەر قانۇن- قائىدە ئۈستىدە تەكلىپ بەرگەن ياكى كونا ئەھۋال ئۆزگەرگەندە، پۇقرالارنىڭ دىلىدا خېلى چوڭ تەسىر پەيدا قىلالايدىغان، ھەتتا ئاممىۋى يىغىنلارنىڭ بىر ئەزاسى بولغان چېغىمدا، ناھايىتى زور تەسىر كۆچ پەيدا قىلالايدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ، ئاساسلىقى (مېنىڭ سەمىمىي مىجەزىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، مۇشۇ ئادىتىمگە مەنسۇپ. چۈنكى مەن سۆزمەن ئەمەس، گەپ سېتىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن، سۆز تاللىغاندا ھەمىشە

ئىككىلىنىپ قالىمەن، گەپنى جايىدا قويالمايمەن، ئەمما، ئادەتتە ئۆز قارىشىمنى ھامان ئىپادىلەيمەن.

بېنجامىن فرانكلىن

مۆتىۋەرلەر بىلەن تاكاللاشما، بەلكى ئۆز پىكرىڭنى باشقىلار ئالدىدا كەمتەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قوي.

گېئورگې ۋاشىنگتون

بىر ئۇلۇغ زاتقا نىسبەتەن كەمتەرلىك ۋە كەڭ قورساقلىقتىن ئارتۇق يارىشىملىق ئىش يوق.

سىسېرو

ئەگەر سەن كەمتەرلىكنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان بولساڭ، ئەمدى توختىۋېلىپ ئويلاپ باق. تۆۋەندىكى تەكلىپلەر سېنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك كەمتەر پوزىتسىيەڭنى يېتىلدۈرۈشۈڭگە ياردەم بېرىدۇ:

(1) كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا دىققەت قىلىپ ئاڭلىغىن. زېرىكىش پوزىتسىيىسىدە بولما ياكى چىرايىڭدا «مەن بىلىمەن» دەيدىغان ئىپادە كۆرۈلمىسۇن.

(2) باشقىلارنىڭ گېپىنى بۆلمە. ھەتتا ئۇ ئاغرىنىۋاتقان بولسىمۇ، ھەممە گېپىنى دەپ بولۇشىغا يول قوي. ئەگەر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتسەڭ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن بولىسەن.

(3) ئەگەر سۆزلىگۈچى ناتونۇش ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەكچى بولساڭ، پۇرسەت كەلگەندە سورىساڭ بولىدۇ.

(4) ئەگەر سۆزلىگۈچىنىڭ گېپىدە خاتالىق كۆرۈلسە، ھەرگىز كەسكىن رەددىيە بەرمە. زۆرۈر تېپىلسا، ئۇ گېپىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ھەمىشە مۇشۇنداق قاراپ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتىپ قويساڭ ھەمدە خاتالاشقان بولسام تەلىمىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن دەپ قوشۇپ قويساڭ بولىدۇ.

(5) ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلىما، سۆزلىگۈچى ياكى ھەمراھىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئۆزۈڭگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالمىسۇن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى سېنىڭكىدىن تۆۋەن دەپ قارىماسلىقى مۇمكىن، ئەگەر سەن ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزۈڭنىڭكىدىن تۆۋەن دەپ قارايدىغانلىقىڭنى ئىپادىلەپ قويساڭ، ئۇ سېنى ئۆچ كۆرۈپ قالىدۇ، سەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بۇنى ئىقتىدارىڭدىن كۆرمەستىن، تەلىيىڭدىن



www.uyghurkitap.com

كۆرىدۇ.

(6) ئەگەر ئۆزۈڭ خاتا قىلغان بولساڭ، ناماقۇل بول.

دالى كارنېگ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈلمە

كەمتەر بولۇشىمىز لازىم، چۈنكى سىز بىلەن مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىمىز تايىنلىق. ھەممىمىز يولۇچىلارمىز — بىر ئەسىردىن كېيىن ھەممىمىز ئۇنتۇلۇپ قالىمىز. ئۆمۈر بەك قىسقا، ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ ئەرزىمەس مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە گەپ سېتىپ كىشىلەرنى زېرىكتۈرمەيلى، باشقىلارنىڭ كۆپرەك سۆزلىشىگە ئىلھام بېرەيلى.

دالى كارنېگ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈلمە

تىرىشىمەن ئازادىلىك بىلەن ۋە ھەم كەمتەر شەيئىنى ياخشى كۆرىمەن،

تەبەسسۇم چىراي ئاسىدا، ھۆكۈمران تۇرگەندىمۇ قوشۇمىسىنى،

رەھمەت ئېيتىمەن تەلىيىمنىڭ ئوڭ كەلگىنىگە، ھايات خۇشاللىقىنى قەدىرلەيمەن.

ساناپ بولالمىدىم ئۇيقۇسىز كېچىلەر ۋە تالاش ـ تارتىشسىز كۆنلەرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تارىيسى www.uyghurkitap.com

ئارام ئالىمەن، ئويغىنىمەن، شاراب ئىچىمەن ۋە مۇمەيىتلە-
شىمەن بەزىدە،
ئويۇمەن، يازىمەن، ماكان تۇتىمەن، سەرسان بولۇپ كېزىمەن؛
قانائەتلىنىمەن ياشلىقىمدىن ۋە ئۇن-تىنسىز جان بەرگە-
نىمدىن،
ئۆزۈمگە ئۆزۈم خوجا، ھېچكىم ئالدىدا جاۋابكار
ئەمەسمەن.

بېنجامىن فرانكلىن

ھاياتلىق خۇشاللىقى ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا خۇددى بىر خىل مۇۋاپىق تەۋەلىك تۇيغۇسىدىن كەلگەندەك تۇيۇلىدۇ ... قانا-ئەتلەنمەيدىغان ماڭا تونۇش كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئامال قى-لىپ ئۆزى ئوينىيالمايدىغان روللارنى ئويناشقا، قولىدىن كەلمەي-دىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ...

قانائەتلىنىش، بەلكى، ھەقىقەتەن ئەسقاتىدۇ، ئۇ، ئۇلۇغۋار قوبۇل قىلىشنىڭ، ئۇلۇغۋار كەمتەرلىكنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى — ئۆزىنى يا ئۇنداق، يا بۇنداق قىلىپ ئۆزگەرتىش (مەلۇم بىر خىل كومېدىيىلەشتۈرۈلگەن ئۇ-زىگە مۇۋاپىقلىشىش) كە ئۇرۇنماستىن، بەلكى ئۆزىنى مۇكەممەل ھاياتقا تاپشۇرۇش لازىم، ھاياتلىق ئۇستىمىزدىن

ئېقىپ ئۆتسۇن.

داۋىد كرايسون

ئەقىل ـ پاراسەت بىر گۆھەر، ئۇنىڭغا كەمتەرلىكتىن قىر چىقارغاندا، تېخىمۇ نۇر چېچىپ كۆزنى چاقنىتىدۇ.

گوركىي

ھاكاۋۇرلارغا كەمتەرلىك قىلما، كەمتەرلەرگە ھاكاۋۇرلۇق قىلما.

جېففېرسون

تەۋازۇنىڭ مەنىسى — ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش (يەنى كەمتەر بولۇش) دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر.

نەزەر ئىبنى ئەھمەد سامان (سامانىيلار) پادشاھى ئىدى. ئوغلىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى:

—ئەي يۈرەك پارەم ئوغلۇم، ئەگەر سەن مېنىڭ بىسيار مۇشەققەتلەر بىلەن ئەزىز ئۆمرۇمنى سەرپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن مەملىكىتىم مەندە تۇرسۇن دېسەڭ، ئىلاج ۋە تەدبىرى شۇكى، خەزىنىگە ئىشەنچ قىلما، چۈنكى مال ـ دۇنياغا زاۋال يەتكۈسىدۇر؛ لەشكەرگە ئىشەنمە، چۈنكى ئۇلار خىزمىتىڭدە باقىي (ئەبەدىي)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تورالماس؛ مەملىكەتنىڭ (پادىشاھلىقنىڭ) ئاۋاتلىقىغا مەغرۇر بولمىغىن، چۈنكى ئاخىر ۋەيران بولىدۇ؛ كەرەم قىلماقتا مەشغۇل بولغىن، تەۋازۇ (كەمتەرلىك) نى [ئۆزۈڭدىن] كەم قىلما. كەرەم ۋە تەۋازۇ كۆڭۈللەر قۇشىنى ئوۋلاشتىكى ئىككى دامدۇر. ھەركىم شۇ ئىككى دامنىڭ بىرىگە ئىلىنسە، بوشىنىشقا ئىلاجى بولمايدۇ.

تەۋازۇ دېگىنىمىز: كىشى ئۆز قەدرىنى باشقا كىشىدىن كەم بىلىش، ئۆزىنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىدىن كېچىپ باشقا كىشنى ئەزىز ۋە مۆھتەرەم تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. مۇنداق كىشىنىڭ زاتى قەدىرلىك ۋە مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنداقلار تەۋازۇ قىلىشتىن نومۇس قىلمايدۇ. چۈنكى، تەۋازۇ ئۇلۇغلۇقنى كەم قىلمايدۇ. بەلكى، ئىززەت ۋە شۆھرىتىنى زىيادە قىلىدۇ.

تەكەببۇرلۇق قىلىش — ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلاش دېگەنلىكتۇر. نەزم:

تا ئىلاجى باردۇر كىبىر ئەيلەمەكلىك خوب ئەمەس،
كىبىرلىق شەيتان سىفەتىدۇر كىبىرسىدىن كەم ئەمەس.
كىبىرنى تاشلاپ ئەگەر قىلساڭ تەۋازۇ بىرىيا،
خاس تۇتغاي دەرگەھى ئىچرە خۇدايى كىبىرىيا.

تەۋازۇلۇق (يەنى كەمتەر) كىشى ھەممە كىشىدىن ياخشىدۇر. ئۇ دۆلەتمەنلىككە مۇناسىپتۇر.

تەۋازۇ ھەممە ھۆرمەتتە، ئەتىۋارلىقلار، يولباشچىلار، ئالىملار ۋە ماشايىخلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ تائىپەدىن ھەركىم تەۋازۇ قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە دۆلەت بازوسى قۇۋۋەتلىك، شەۋكەت تۇغى يۇقىرى بولىدۇ.

مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىغى: «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دىن

دانالار ئىلىمنى مال ـ مۈلۈكتىن ئەۋزەل دېيىشىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئىلىم مېغىز بولسا، بايلىق ئۇنىڭ پوستى، ئىلىم گۈل بولسا، بايلىق ئۇنىڭ ھىدىدۇر. دانا كىشىلەر ھەر دائىم ئەنە شۇ مېغىزنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا جاپا چېكىدۇ. چۈنكى، ئىلىم ئاۋۋال پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مىراس قالىدۇ، مال ـ بايلىق بولسا ھارۇن ۋە ھامانىنىڭ مىراسىدۇر؛ ئىككىنچى، ئىلىم كىشىدە كەمتەرلىك پەيدا قىلسا، بايلىق مەنمەنلىك پەيدا قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىلىملىك كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، مالدار كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ؛ تۆتىنچى، مالدار كىشىلەر ئۆتە خەسىس ۋە بېخىل بولسا، ئالىم كىشىلەر ساخاۋەت ئىگىسى بولىدۇ؛ بەشىنچى،

ئىلىم كىشىگە دۇنيادا ئابرۇي كەلتۈرسە، مال ـ دۇنيا ئازاب كەلتۈرىدۇ. دېمەك، ئىلىم رەنجى① كىشىنىڭ خەزىنىسىنىڭ گەنجىدۇر.② مال ـ دۇنيا گەنجى بولسا باشتىن ـ ئاياغ رەنجىدۇر.

**مۇھەممەد جەۋھەر زەمندار**

كىشىلەر ئۇلاردىن ئاۋۋالراق سالام بېرىشكە ئالدىرا، چۈنكى بۇ ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بولۇپ، كەمتەرلىك نىشانى-رىدىن بىرىدۇر.

**مۇھەممەد ھۈسەيىن**

ھېكايەت قىز يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋابەن دېدى:

— كىشىنىڭ قەلبىدە تۆۋەندىكىدەك بوستانلار بولىدۇ: بىرىن-چى، ئىلىم بوستانى؛ ئىككىنچىسى، مۇلايىملىق بوستانى؛ ئۈچىن-چىسى، ئىخلاس بوستانى؛ تۆتىنچى، كەمتەرلىك بوستانى؛ بەشىن-چى، ساخاۋەت بوستانى؛ ئالتىنچى، رىزا بوستانى؛ يەتتىنچى، ئۈمىد بوستانى.

— بۇ بوستانلاردا نېمىلەر بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

---

① رەنج: ئازار، ئەلەم، مۇشەققەت، جاپا.

② گەنج: خەزىنە، ئامبار، بايلىق.

قىز دېدى:

—ھەرقانداق كىشى روناق تاپاي دېسە، ئاۋۋالەم ئىلىم بوستا-
نىغا كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى نادانلىق، جاھىللىق خەس ـ خەشەكلى-
رىنى يۇلۇپ، ئۇزاققا تاشلايدۇ. كېيىن مۇلايىملىق بوستانىغا كى-
رىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ھەسەت تىكەنلىرى ئۈنگەن بولسا، ئۇلارنى يۇ-
لۇپ تاشلايدۇ. كېيىن ئىخلاس بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ يەردە رىيا ۋە
بەتگۇمانلىق ئوتلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ، بوستاننى تازىلايدۇ.
ئاندىن كەمتەرلىك بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا تەكەببۇرلۇق
ھەم مەغرۇرلۇق خەشەكلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تازىلايدۇ. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن رىزا بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا مەنمەنلىك،
جاھىللىق تىكەنلىرى بولسا، بوستاننى ئۇلاردىن خالىي
قىلىدۇ. ئاندىن ئۈمىد بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا
ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تىكەنلىرى بولسا، ئۇلارنى
يۇلۇۋېتىدۇ.

يىگىت قىزنىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ قايىل بولدى ۋە شۇنچە ياشقا
كىرىپمۇ بۇنداق ئەقىللىق قىزنى كۆرمىگىنىنى ھېس قىلدى.
كېيىن قىزدىن سورىدى:

—ھەي قىز، تېخى ياشلا تۇرۇپ، شۇنچە كۆپ ئىلىمۇ ھېك-
مەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

—ئاتا ـ ئانامدىن! — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

مۇھەممەد جەبەلرۇدى

بەزىبىر ھەكىملەرنىڭ يېزىشلىرىچە، نەپسىنىڭ تىزگىنى ئەقىلنىڭ قولىدىدۇر، ئەقىل نەپس ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈپ، ئۇنى يامان يولدىن ئاسراپ تۇرىدۇ. ئادەتتە قايسى نەرسە كۆپىيىپ كەتسە شۇنىڭ قەدرى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئەقىل كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ قەدرى ئېشىۋېرىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ چېگراسى ۋە توختايدىغان جايى بار، ئەمما ئەقىلنىڭ چېگراسى يوق.

ئارسلان ئۆز كۈچى ۋە شىجائىتى بىلەن ئوزۇقلىنىپ كۈن كەچۈرىدىغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانمۇ قەيەردىلا بولسۇن ئۆز ئەقلى بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. ئەگەر، كىشىدە مال ـ دۇنيا كۆپ بولۇپ، ئەقلى بولمىسا، ئۇنداق كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ.

ئەقىلنىڭ ئالامىتى كەمتەرلىك، ئەخمەقلىقنىڭ بەلگىسى بولسا تەكەببۇرلۇقتۇر.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئۆزىنى ماختىشىدىنمۇ يامانراق ئەيىبى بولماس. ئەگەر، ئۇنىڭ سۆزى راست بولسا ماختالغان بولىدۇ، يالغان بولسا قەدرى كېتىدۇ.

ئەقىللىق كىشى ئۆز نۇقسانلىرى ئۇچۇن ئۆززە سورايدۇ.

ئەقلى كەم ئادەمنىڭ گېپى تولا بولۇر.

**«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن**

ئەڭ ئەقىللىق كىشى شۇنداق كىشىكى، دۆلەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ كەمتەرلىكنى ئۆزىگە دائىملىق شوئار قىلىدۇ ۋە تەزىم ـ تەۋازۇدا بولىدۇ، سەۋر ـ قانائەتلىك، پەرھىزكار بولىدۇ. پەس تەبىئەتلىك كىشىلەر بولسا بۇنداق كىشىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىدۇر. ئۇلار دۆلەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشتى دېگۈچە كېرىلىشكە باشلايدۇ ۋە مەغرۇرلۇق كوچىسىغا كىرىپ، ھېچكىمنى مەنسىتمەي قويىدۇ.

**مۇھەممەد جەبەلرۇدىي**

كىشىلەرگە زىننەت بېرىدىغان نەرسە ــ كەمتەرلىك. ئەڭ ياخشى خىسلەت خۇش پېئىللىقتۇر. ھەركىمنىڭ قەدرى بىلىمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

يارىشا بولۇر.

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

ئەپلاتۇننىڭ ئۆز شاگىرتى ئارىستوتېلغا قىلغان ئۆگۈتلىرى:

— ھەمىشە ئىلىم پېيىدە بول، كۆڭلۈڭ ھەم كۆزۈڭ دائىم ئويغاق بولسۇن، ئۇيقۇ ۋە ئارامنى ئويلاپ، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما، ئۇيقۇغا باش قويۇشتىن ئاۋۋال ئۆتكۈزگەن كۈنۈڭ توغرىسىدا ھېساب قىل، شۇ كۈنى سېنىڭدىن قانداق خاتالار سادىر بولدى ياكى ياخشى نەرسىلەردىن نېمىنى ئۆگەندىڭ، شۇلار توغرىسىدا ئويلان.

بەتبەخت شۇنداق كىشىكى، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدۇ، گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. دۇنيادا بىرەر لەززەت تاپسا بېشى كۆككە يېتىپ شاد بولىدىغان، بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىسا قايغۇرۇپ ھەممىدىن كۆپ پەرياد كۆتۈرىدىغان ئالىمنى ئالىم دەپ ھېسابلىما. ھەممىنى ئوخشاش سۆي، ئاچچىقى يامان بولما، ھە دېسىلا ئاچچىقلىنىۋېرىدىغان بولساڭ بارا - بارا ئۇ سېنىڭ ئادىتىڭگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۈگۈن بىرى ئالدىڭغا موھتاج بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭ ھاجىتىنى چىقىرىشنى ئەتىگە قالدۇرما. بىرەر كىشى بىرەر بالاغا ئۇچرىسا ئۇنىڭغا ياردەم قولۇڭنى سوز. كىشىلەرنىڭ گېپىنىڭ

توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، تەكشۈرمەي تۇرۇپ ھۆ-كۈم چىقارما. دۇنيادا ھېكمەتتىن پايدىلىقراق نەرسە يوق. ھەكىم شۇنداق كىشىكى، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن قىلغان ئىشى بىر خىل بولىدۇ. قانداقلا ئىشتا بولسۇن لايغەزەللىك قىلما، ياخشىلىق قى-لىشتا چېكرا بار دەپ ئويلىما! ھەكىملەر ھېكمەتلىرىنى يادلىۋال، مال ـ دۇنيا ھېرىسىنى كۆڭلۈڭدىن قوغلا، يېقىملىق ئەدەپلەردىن كۆز يۇمما، بارچە ئىشلارنى ئۆز ئەقلىڭگە قولاق سېلىپ، چامىلاپ، كېيىن ئەمەلگە ئاشۇر، پەسكەش ـ يارىماس ئىشلارغا قول ئۇرما، كىم بىلەن گەپلەشسەڭمۇ كەمتەرلىكنى قولدىن بەرمە. باشقىلارنى خارلىما، ئۆزۈڭگە ھەمىشە ئادالەتنى شوئار قىل!

ئەپلاتوننىڭ ئۆز شاگىرتى ئارىستوتېلغا قىلغان ئۆگۈتلىرى شۇلاردىن ئىبارەت.

**ئەبۇلبەرەكات قادىرى**



بىر پادىشاھ مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىگە مەغرۇرلىنىپ، ئىلىم ئەھلىنى مەنسىتمەي قويغان، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىپ، پىسقۇ پۇجۇرغا يول قويغاندى. بىر كۈنى ئۇ بارىغا قانائەت قىلىپ، كەمتەرلىك يولىنى تۇتقان دانا ھەكىمگە ئۇچراپ قالدى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇنىڭغا:

— ھەي ھەكىم، نېمىنى خالىساڭ تىلە، سورىغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمەن! — دېدى.

— شۇنداق قىلغىن، ئەجەل ھېچقاچان بېشىمغا سايە تاشلىمىسۇن! — دېدى ھەكىم.

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى پادىشاھ.

— بولمىسا، — دېدى ھەكىم، — قېرىلىق مەۋسۇمى كېتىپ، ياشلىق ئەييامىم① قايتىپ كەلسۇن!

— بۇ ئىشمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا، ئارىمىزدا پەرق يوق ئىكەنغۇ، — دېدى ھەكىم، — مەن قىلالمايدىغان ئىشنى سەنمۇ قىلالمايدىكەنسەن، ئەمما سەن بايلىق ـ دۆلىتىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن كىبىر ئىتىغا مىنىپ، مەنمەنلىككە بېرىلىپسەن. مەن بولسام تاپقىنىمغا قانائەت قىلىپ، ھېچكىمگە يېلىنمايمەن، دېمەك، مەنمۇ ئۆزۈم ئۆزۈمگە پادىشاھمەن!



**مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار**

كىشىدە ئىككى خىل گۈزەللىك بار بولۇپ، ئۇلار ئىچكى ۋە

① ئەييام — «يەۋم» نىڭ كۆپلۈكى كۈن، كۈنلەر، چاغ، چاغلار.

تاشقى گۈزەللىككە بۆلۈنىدۇ. تاشقى گۈزەللىككە كىشىنىڭ ھەممە ئەزالىرى، مەسىلەن، كۆز، قۇلاق، چىش، قاش، يۈز، لەۋ، ئېغىز، قول، ئاياغ، قامىتى كىرىدۇ. ئىچكى گۈزەللىك بولسا، كىشىنىڭ يېقىملىق خۇلقلار بىلەن بېزىنىشىدۇر. بۇ خۇلقلار مۇلايىملىق، ساخاۋەت، شىجائەت، ئىلىم، كەمتەرلىك، ئىپپەت ـ نومۇس ۋە شۇ-نىڭغا ئوخشاشلاردۇر.

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

مەشھۇر ئالىم ۋە پازىل رىزائىددىن ئىبىن پەخرىددىنىنىڭ ئە-دەپ ـ ئەخلاق ۋە تەربىيىگە دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار. شۇ-لاردىن بىرى «چوڭلارغا نەسىھەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرى «11 نەسىھەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بىز ئۇنى بىر ئاز قىسقارتىپ تەقدىم قىلدۇق.

بىرىنچى نەسىھەت. پۈتكۈل ئەزايىڭىزنى گۇناھلىق ئىشلار-دىن ساقلاڭ. قايغۇ ـ ئەلەم كەلگەندە سەۋر قىلىڭ. ئىنساپ ـ ئادا-لەتنى ئۆزىڭىزگە رەھبەر قىلىڭ. ھېچكىمنى ئۆزىڭىزگە دۈشمەن قىلماڭ. ھەممىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈڭ. پۇل، مال ـ دۇنيانى تېجەپ ئىشلىتىڭ. ئىسراپچىلىققا يول قويماڭ. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماڭ، كۆپ ئويلاڭ، ئاز سۆزلەڭ.

نادان ۋە خىيانەتچىلەرگە سىرىڭىزنى بەرمەك، ئۇلار بىلەن كېڭەشمەك. ئالىم ۋە پازىللارغا ئەگىشىپ، مۇرۇۋۋەت ئەھلىدىن نەمۇنە ئېلىڭ. تاشقى قىياپىتىڭىز ۋە كۆڭلىڭىزنى پاك تۇتۇڭ. بىلگىنىڭىزچە ئىش قىلماڭ، يېقىنلىرىڭىزنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىڭ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ. بىراۋدىن قەرز ئالسىڭىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا قايتۇرۇڭ. قولىڭىزدىن كەلگەن ياردەمنى ھېچكىمدىن ئايىماڭ. ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن شۇ كۈنى قىلغان ئىشلىرىڭىزنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، قىلغان ياخشى ئىشىڭىزدىن سۆيۈنۈڭ، مەنىسىز، يامان ئىشىڭىز بولسا قايغۇرۇڭ، تۈزىتىڭ. ئەتە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنى ئويلاڭ ۋە بىر قارارغا كېلىڭ. شۇ قارارىڭىز بويىچە ئىش قىلىڭ. كۈنلەر — قىلغان ئىشلىرىڭىزنى كۆرسەتكۈچى دەپتەردۇر. ئۇ دەپتەرگە يامان ئىشلارنىڭ يېزىلماسلىقىغا غەيرەت قىلىڭ.



ئىككىنچى نەسىھەت. دوست - دۈشمەن ئارىسىدا يۈز قىزارتىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن ھەزەر قىلىڭ. گۈزەل خۇلقلۇق بولۇش بىلەن شەرەپ تېپىڭ. توغرا يولدىن بىر غېرىچمۇ ئايرىلماڭ. ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىڭ، كىچىكلەرگە شەپقەت

ۋە رەھمەت قىلىڭ. ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچىسىڭىز سائادەت ھوسۇلىنى يىغىسىز. ئەدەپلىك، تەربىيە كۆرگەن ئادەم بىلەن ئەل ـ ئاغىنە بولسىڭىز ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىز ئاشار، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە مۇيەسسەر بولۇرسىز. ئەدەپسىز، تەربىيىسىز كىشى بىلەن ئاشنا بولسىڭىز، ئۇلار سىزنى ئۆز يولىغا تارتىدۇ، ئىززىتىڭىزدىن چۈشۈرىدۇ، ئامانىتىڭىزگە خىيانەت قىلىدۇ، سىرىڭىزنى پاش قىلىدۇ.

ھەسەت ئالەم ئارا ھاسىدكە بەستۇر،
كى دائىم غۇسسە بىرلە ھەمنەپەستۇر.
كىشىگە گەرچە ئوت ياندۇرغۇسىدۇر،
لېكىن ئۇ ئوتقا ئۆزىن ئۇرغۇسىدۇر.

ئۈچىنچى نەسىھەت. باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۆز ئەيىبلىرىڭىزنىمۇ چۈشىنىڭ. ئۆز ئەيىبىنى كۆرگەن كىشى باشقىلارنىڭ ئەيىبى بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. بىراۋغا ئورا قازماڭ. ۋاقتىكى، ئۇ ئورىغا ئۆزىڭىز چۈشۈشىڭىز مۇمكىن. ھەقلىق، توغرىلىققا قارشى تۇرماڭ، ئۆزىڭىز يىقىلىسىز.

www.uyghurkitap.com

ھېچكىمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكمەڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئابرۇيىڭىز تۆكۈلىدۇ. ئۆز پىكرىڭىزگىلا تاياناماڭ، ئادىشىسىز. تەكەببۇرلۇق قىلماڭ. ئالىم، پازىل، دانالار بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىلىڭ، پۇشايمان يېمەيسىز. ئالىملار مەجلىسىگە ئىشتىراك قىلىڭ، دەرىجىڭىز ئاشىدۇ. نادانلار بىلەن ئۈلپەت بولماڭ، سىزمۇ ئۇلاردىن سانىلىسىز. ئاز سۆزلىسىڭىز ئاز خاتالىشىسىز. يالغانچىلىق بىلەن تونۇلماڭ، ھەممىنىڭ نەزىرىدىن قالىسىز. ھەركىمنىڭ دەرىجىسىنى بىلىڭ، تەمەگەر بولماڭ، بىلمىگەن نەرسىڭىزنى «بىلمەيمەن» دېيىشتىن ئۇياتماڭ، كېرەكلىك ئىلىم-ھۈنەرنى ئۆگىنىشتىن تارتىنماڭ، ئۆگەنمىسىڭىز كېيىن پۇشايمان قىلىسىز. ئۆزىڭىز خالىمىغان ياخشى ئىشنى باشقىلارغىمۇ تىلەڭ. ئاڭلاڭ، نەپسىڭىزنىڭ ھەممە ئارزۇلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى سەمرىتسىڭىز، ئاقىۋەت سىزگە پالاكەت، بەلكى ھالاكەت كەلتۈرىدۇ. ئۆتكەنلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى پىكىر قىلىپ، ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىڭ. ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەتى بولمىغان سۆزلەرگە ئارىلاشماڭ، بۇزۇقلۇققا ئېلىپ بارىدىغان يولغا ھەرگىز كىرمەڭ. شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك ۋە خەير-ئېھسانلىق كىشىلەرگە يېقىنلاشسىڭىز، ھەممە سىزنى ئۇلار قاتارىدا سانايدۇ. ھەققىڭىز بولمىغان يەرگە كۆز تاشلىماڭ. ئىشلىمەستىن باشقىلارغا يۈك بولۇپ قالماڭ،

غەيرەت قىلىپ ئىشلەڭ. نىيىتىڭىزنى مېھنىتىڭىز ئارقىلىق تېپىپ يەڭ.

تۆتىنچى نەسىھەت. خالىغان نەرسىڭىز بولماي قالسا قايغۇ- رۇپ، بىتاقەت بولماڭ، سەۋر قىلىڭ. بىر - بىرىڭىز بىلەن مەس- لىھەتلىشىپ ئىشلەڭ. كەلگۈسى كۆڭلىرىڭىزنى ئويلاڭ. مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن ھەرگىز قەسەم ئىچمەڭ. جەمئىيەتكە زەرەر يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭ. ئاشكارا قىلىش ئۇيات بولىدىغان ئىشنى يوشۇرۇنمۇ قىلماڭ. سۆزلەشكە يارىمايدىغان سۆزلەرنى ئاغزىڭىزدىن چىقارماڭ. بىمەنە سۆزنى سۆزلىگۈچىلەردىن بولماڭ. ئەپقاچتى سۆزلەرگە ئىشەنمەڭ. باشقىلارنى مەنسىتمەي، «ئۆزۈم بىلىمەن» دەپ دەۋا قىلماڭ. ئۆزىڭىزنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسەتمەڭ. ئىلىمدە سىزدىنمۇ يۇقىرى زاتلار بارلىقىنى ئۇنتۇماڭ. ماختانچاقلىق جاھىل، نادان كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.



بۇزۇق، يارىماس كىشىلەر بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يامان قىلىقلىرى ئۆزىڭىز سەزمىگەن ھالدا سىزگىمۇ تەسىر قىلىشى مۇمكىن. نان ۋە باشقا نازۇنېمەت- لەرنى خارلىماڭ، ئىسراپچىلىققا يول قويماڭ. بىراۋنىڭ ئىچكى ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تاشقى ھالىنى بىلمەستىن «يامان ئادەم» دەپ گۇۋاھلىق بەرمەڭ. باشقىلار پالاكەتچىلىككە يولۇقۇپ قايغۇ ـ ھەسرەتكە گىرىپتار بولسا شادلانماڭ. ئۇنىڭ ھالى بىر كۈنى سىزنىڭ بېشىڭىزغىمۇ چۈشۈشى مۇمكىن. پۇل ـ مېلىڭىز بىلەن كىشىلەرنى رازى قىلمىسىڭىز، ئۇلارنى ياخشى خۇلقىڭىز بىلەن رازى قىلىڭ. بىراۋدىن ئۈچ ئىبلىشقا كۈچىڭىز يەتسىمۇ، ئۈچ ئالماڭ. خاتالىقىنى كەچۈرۈڭ، ئاچچىقلانماڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىڭ. ھۇزۇرىڭىزدا بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان كىشى باشقىلارغا سىزنىڭمۇ غەيۋىتىڭىزنى قىلىدۇ. بۇنداق كىشىگە كۆڭۈل بەرمەڭ. مەست كىشى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلماڭ. ئۇنىڭدىن يىراقلىشىڭ. بىر كىشى بىلەن دوستلىشىشنى خالىسىڭىز، موھتاجلىقىڭىزدا ياردەم قىلغۇچى، توغرا سۆزلۈك، ياخشىلىقىڭىزنى تەقدىرلىگۈچى، يېغىڭىزنى يىغلاپ، كۈلكىڭىزنى كۈلگۈچى، قەلبى پاك كىشى بىلەن دوستلىشىڭ. تىل ياغلىما، مۇناپىق بىلەن دوست بولماڭ. كوچىدا زۆرۈرىيەتسىز يىغىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆتۈشىگە دەخلى قىلماڭ.



بەشىنچى نەسىھەت. بىر كىشى ئۈچۈن ئىككىنچى بىر كىشى بىلەن ئارىڭىزنى بۇزماڭ، مۇبادا ئۇلار دوستلىشىپ قالسا،

سىز ئۇيىلىپ قالىسىز. گۈزەل ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچى كۆز ۋە يېزىپ تۇرغۇچى قەلەملەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى ھەممە كىشىگە ئېيتىپ، ماختىنىپ يۈرمەڭ. تىلى كۈچلۈك ۋە بىمەنە سۆزنى سۆزلەپ يۈرگۈچى ئاچچىق سۆزلۈك كىشى بىلەن ئەسلا دوست بولماڭ. ئەقلىڭىز ئەڭ ياخشى مەسلىھەتگۈي. نادانلىقتىن باشقا دۈشمەندىن قورقماڭ. يامان ئىشلارنى ئىشلەش ئەمەس، ھەتتا كۆڭلىڭىزگىمۇ كەلتۈرمەڭ. ئىلىم ئوتىنى بۇزۇقلۇق سۈيى بىلەن ئۆچۈرمەڭ. ئەدەپ ـ ئەخلاق كىيىمىدىن باشقا كىيىم تېپىلمايدۇ. بۇنى ئۇنتۇماڭ.

ئالتىنچى نەسىھەت. باشقىلار بىلەن ئارىڭىزدا گىنە ـ ئاداۋەت داۋام قىلىۋاتقان بولسا، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، دوستلىشىڭ. پۈتكۈل ھەممىتىڭىزنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىڭ. مەنسەپ ـ مەرتىۋە سۆيگۈسىگە مۇپتىلا بولماڭ. ناپاك نەرسىلەرگە ۋاقتىڭىزنى ۋە پۇلىڭىزنى سەرپ قىلماڭ.



شۇبھىسىز لازىم ئوغۇل ـ قىزغا نۇر ئەفشان تەربىيەت،
بائىسى بەختۇ سائادەت ـ ماھىتابان تەربىيەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يەتتىنچى نەسىھەت. كىشىلەردىن ئەيىب ئىزدەپ يۈرمەڭ. ئۆزئارا كېلىشەلمەي، بىر - بىرىڭىزدىن يىراقلىشىپ كەتمەڭ، بەلكى دوستلىشىڭ. بىر ئائىلە ئەزالىرىغا ئوخشاش بىر - بىرىڭىزگە مېھىر - مۇھەببەتلىك بولۇڭ. زۆرۈر بولمىسا بىراۋدىن بىر نەرسە سورىماڭ، ئۇنىڭ مىننىتىنى كۆتۈرۈپ يۈرمەڭ. ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ئۈچۈن بىر - بىرىڭىز بىلەن جاڭجاللاشماڭ، جاھىل - نادانلاردىن بولماڭ.

ئىلىم - پەن، ئەدەپ - ئەخلاقتا تېگىشلىك ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىسىڭىز، ئېسىڭىزدىن چىقارماسلىققا تىرىشىڭ. كېرەكسىز، بولمىغۇر سۆزلەرنى سۆزلەشتىن تىلىڭىزنى تارتىڭ، غەيۋەت قىلماڭ، بىراۋغا تۆھمەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست ياكى تونۇش - بىلىشلىرىڭىزدىن بىرەرسى ئۇچراپ قالسا ھالىنى سوراڭ. ئۆيىڭىزگە كەلگەن مېھمانىڭىز ئىززەت - ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈڭ.



گەر يامانلىق يولىنى ھەركىمكى قىلسا ئىختىيار،
خەلق ئىشەنچىن يوق قىلىپ، بولغاي بالالارغا دۇچار.

سەككىزىنچى نەسىھەت. ئەقىلنى بىز ئىنسانلارغا ئۇلۇغ ھەدىيە، ئۇلۇغ نېمەت دەپ بىلىڭ، ئۇنى ساپ ۋە كامىل رەۋىشتە ئاسراشقا ئېتىبار بېرىڭ. بۇنداق ئۇلۇغ نېمەتنى ۋە مۇنداق شەرەپلىك ھەدىيىنى ئاسراش — ھەركىمنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋە شەرەپلىك بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ.

توققۇزىنچى نەسىھەت. بىر ـ بىرىڭىزنىڭ تۇرمۇشىغا، مال ـ دۇنيالىرىغا ھەۋەس قىلماڭ. ئاچچىقلانماڭ، يامان سۆزگە ئارىلاشماڭ، غەزەپ ۋاقتىدا ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ. ئىككى يۈزلىمىلىك، مۇناپىقلىق، بېخىللىقتىن ساقلىنىڭ. يالغانچى، غەيۋەتخور، تۆھمەتخور ۋە چېقىمچى بولماڭ، ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىڭ. مېھنەتسۆيەر، ئىشچان، غەيرەتلىك ۋە قەيسەر بولۇڭ. ئامانەتكە خىيانەت قىلماڭ. ئادەملەرنى كۆلدۈرۈش ئۈچۈن مەنىسىز، ئەدەپ ـ ئەخلاققا زىت سۆزلەرنى قىلماڭ.



ئىستىسەڭ قايغۇ ـ ئەلەملەردىن نىجات،
بولمىغۇر ئىشلاردىن قىلغىن ئېھتىيات.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىنچى نەسىھەت. ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، دەرىجىسىنى بىلىپ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ. گۈزەل خۇلقلۇق ئادەملەردە مۇناپىقلىق بولمايدۇ. يامانلىقتىن قايغۇرۇپ، ياخشىلىق ئۇچۇن سۆيۈنۈش كامىل ئىنساندا تېپىلىدۇ. كۈندىلىك رىزقىڭىزنى تۇپراقتىن ئىزدەڭ، يەنى يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىڭ، تاغلارغا چىقىپ كان ئىزدەڭ. بۇ ئىشلارغا مۇۋاپىق بولۇش ئۇچۇن مەخسۇس ئوقۇش يۇرتلىرىغا كىرىپ ئوقۇڭ. ئائىلىڭىزنى تەربىيەت قىلىشتىن مال ـ دۆلىتىڭىزنى ئايىماڭ. مۇبادا ئىشىڭىز دېگىنىڭىزدەك بولمىسا قايغۇرۇپ ئولتۇرماڭ، ئوغلىنىشقا ئۈمىد بولغان ئىشنى پۈتكۈزۈشكە غەيرەت قىلىڭ، ئىشقا كىرىشىڭ. بىلمىگەن نەرسىڭىزنى «بىلىمەن» دەپ دەۋا قىلماڭ، يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەڭ. ھەققىڭىز يوق نەرسىلەرنى دەۋا قىلىپ ئالماڭ. گۈزەل سەنئەت ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىڭ، ئۆگىنىڭ. ئانا تىلىڭىزنى سۆيۈڭ، ھۆرمەتلەڭ. قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاڭ، يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈڭ.

هەر تىلەكنىڭ ئاۋۋىلىدۇر، شۈبھىسىز تىل ئاچقۇچى،
تىل تەرەققىي ھەم سائادەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى.

ئون بىرىنچى نەسىھەت. يامانلىق ئۇنتۇلمايدۇ، ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ، ھەركىم نېمە تىكسە، شۇنى ئورىدۇ. ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلىڭ، نەپسىڭىزنىڭ ھەممە ئىستىكىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن قايتىڭ. خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن غەيرەت قىلىڭ.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

دانىشمەنلەر ئىنساننىڭ تۆۋەندىكى 12 خىسلەتكە ئىگە بولۇ- شىنى ئېيتقان:

1. ئەجىر ئىگىسى بول. ئارتۇقچە يەپ ـ ئىچمە، شۇنداق قىلساڭ ئۆز ئەقلىڭگە ئىگە بولىسەن، ياخشىراق ئويلايسەن.



2. سۇكۇت ساقلا، ئۆزۈڭگە ۋە باشقىلارغا پايدىسى تەگمەيدىغان سۆزلەرنى قىلما، ئەزمىلىك قىلما.

3. ئىنتىزاملىق بول. ھەربىر نەرسىنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ھەربىر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى بولسۇن. ئۈمىد ئىگىسى بول،

قىلىدىغان ئىشنىڭ ئاۋۋال ياخشى ئويلاپ، بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىشنى كەمچىلىكسىز بېجىر.

4. تېجەشلىك بول. مال ـ دۇنيالىرىڭنى پايدىسىز يەرگە سەرپ قىلما. پۇلۇڭنى تېجە، يەنى ئىسراپچىلىقتىن ساقلان.

5. تىرىشچان، غەيرەتلىك بول. ۋاقتىڭنى بىكار ئۆتكۈزمە، پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بول. تىرىش، غەيرەت قىل، كېرەكى بولمىغان ئىشتىن قولۇڭنى تارت. توغرىلىقنى ئادەت قىل، دائىم توغرا سۆزلە، توغرا ئىشلە، ھىيلە ـ نەيرەڭدىن ئۆزۈڭنى ساقلا، قەلبىڭ پاك بولسۇن، ھەقىقەتپەرۋەر بول، ھەق، راست سۆزنى دادىل سۆزلە.

6. مۆتىدىللىكنى ساقلا. ھەر نەرسىگە ئوتتۇرىچە ھالنى ساقلا، چەكتىن چىقىپ كەتمە. بىر ئادەمنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگىنىڭدىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشقا ئىنتىلمە، ئۆزۈڭنى تۇت.



7. پاكىز بول. بەدەن ئەزايىڭنى، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ۋە باشقا نەرسىلىرىڭنى ھەرگىز پاسكىنا قىلما، تازىلىققا دىققەت قىل. قەلب ھوزۇرىغا ئىگە بول، ئەھمىيەتسىز، ھېچ نەرسىگە

ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەردىن قايغۇرۇپ، سالامەتلىكىڭىنى بۇزما. نومۇسلۇق بول؛ ئۆزۈڭنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ تىنچلىقىنى قورقۇنچ ئاستىدا قالدۇرما، دائىم پاك، نومۇسلۇق بول، پايدىسىز يوللاردا يۈرمە.

8. ئەدەپلىك بول. تەربىيىلىك ۋە ئالىم، پازىللاردىن ئۆرنەك ئال، تەۋازۇلۇق، مۇلايىم سۆزلۈك بول. ئۆزۈڭنى يۇقىرى تۇتما، كەمتەرلىك ياخشى خىسلەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. ئالىيجانابلىق بىر قۇۋۋەتتۇركى، بۇ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان ئادەم بايلىقىقا ۋە ئادەم-لەرنىڭ ماختاشلىرى ياكى كەمسىتىشلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا قايغۇرمايدۇ، غەيرىتىگە ۋە ئالىي ھىممىتىگە كەمچىلىك كەلتۈرمەيدۇ، يەنى مال - دۇنياسى كۆپ بولسا مەغرۇرلىنىپ، تەكەببۇر بولۇپ كەتمەيدۇ، خەلقنىڭ ماختى-شىغا كىرىلىپ كەتمەيدۇ، ھەر ۋاقىت بىر خىل بولىدۇ. ئۆزىنىڭ دەرىجە ۋە ھىممىتىنى ساقلايدۇ. قايغۇ - ئەلەم، مۇشەققەتلەرگە چىداش، سەۋر قىلىش پايدىلىق ئىشتۇر. بۇنىڭغا ئىگە بولغانلار ھەر نەرسىگە ئارتۇقچە قايغۇرۇپ، سالامەت-لىكنى يوقاتمايدۇ.

9. شىجائەت ئىگىسى بول. خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىغاندا قورق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

ماسلىق — قەھرىمانلىقتۇر. بۇ پەزىلەت قورقۇنچلۇق پەيتلەردە كىشىنى نالايىق ئىش قىلىپ قويۇشتىن ساقلايدۇ.

10. مۇلايىم بول. ئاچچىقلانغىنىڭدا ئۆزۈڭنى تۇت، مۇلايىملىق ئۇلۇغ پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. قەھر ـ غەزىپى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىپ جىم تۇرۇۋېلىش ئادەمنى كۆپلىگەن خەۋپ ـ خەتەر، يامانلىقتىن ساقلايدۇ. مۇلايىم، يۇمشاق كۆڭۈللۈك كىشىنى ھەممە ياقتۇرىدۇ.

11. ئاسايىشلىق قىلغان ئادەم جېدەل ـ غوۋغا ۋاقىتلىرىدا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قىزىققانلىق ۋە يەڭگىللىك قىلمايدۇ، بەلكى سۈكۈت ۋە سەۋر قىلىدۇ. قىزىققانلىق سالامەتلىككە، ھەتتا ئۆمۈرگە زىيانلىق. قىزىققانلىق، يەڭگىللىك، قەھر ـ غەزەپ كىشىنى ئۇياتقا قالدۇرىدۇ. «غەزەپ بىلەن سارغايغان يۈز پۇشايمان بىلەن قىزىرىدۇ» دېگەن سۆز شۇڭا ئېيتىلغان.



12. تەۋازۇ — خەلقتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق، باشقىلارنى كەمسىتمەسلىك قاتارلىق گۈزەل خىسلەتتۇر. ئۆزىنى ھەركىمدىن يۇقىرى قويىدىغان ئادەم ماختاشقا سازاۋەر ئۇلۇغ ئادەمدۇر. بۇ، ئىن-

سانىنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلىتى . شۇنداق بولىسىمۇ تەۋازۇنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئۆزىنى ھەقىر تۇتۇش ياكى مۇناپىقانە تەۋازۇ قىلىش يارىماس بىر ئىشتۇر، ئوتتۇراھال تەۋازۇ ھەممىگە ياخشىدۇر.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكىگە توغرا قاراشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. مەيلى كىشىلەر سېنى نېمە دەپ ماختىمىسۇن، شۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى، سەن تېخى مۇ. كەممەل ئادەم ئەمەس. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، كىشىلەرنىڭ سېنى ماختىشى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ـ ئۆزۈڭگە قارىتا مۇنداق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. ناۋادا كىشىلەر سېنى ماختىسا، قانداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتەرمەن دېگەننى ئويلىشىڭ كېرەك. ناۋادا سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭنى چېنىقتۇرمىساڭ ۋە ئۆز ـ ئۆزۈڭگە تەربىيە بەرمىسەڭ، ئۇنداقتا ئۆزۈڭگە تەمەننا قويغان، ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتقان بولۇپ قالىسەن.

ئۆگىنىش — پەزىلەتنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ساھە. بىر ئادەمنىڭ كەمتەرلىك پەزىلىتى ھامان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەنىۋى شارائىتىنى تونۇش بىلەن ئۆزىنىڭ قىلغان تىرىشچانلىقىنىڭ ماس كېلىش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. كەمتەرلىك سىنىڭ تۇرمۇش غايەڭنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە. سەن ئۆزۈڭگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. ئۆزۈڭنىڭ نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭنى تەمكىنلىك بىلەن مۆلچەرلەپ چىقىشىڭ كېرەك. كەلگۈسىگە قارىتا تەشەببۇس ۋە پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، قانچە كەمتەر بولساڭ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ يەتكىلى بولمايدىغان نىشانغا يېتەي دېگەندە، سەندىكى ئىرادىمۇ شۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى كەمتەرلىك بىلەن مۆلچەرلىيەلەيدىغان كىشى بىلىم ئىگىلىگەندە ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

كەمتەرلىك ئەمگەكنى سۆيۈش، بار ئىمكانىيىتى بويىچە تىرىشىش ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەش بىلەن قوشكېزەك. ماختانچاق كىشىلەر ئەزەلدىن

تىرىشچان ئەمگەكچى ئەمەس. ئەقلىي ئەمگەك بىر خىل ئىنتايىن ئەمەلىي، ئىنتايىن سەگەك، ئىنتايىن ئەستايىدىل ئەمگەك. بۇلار كەمتەرلىككە ئوخشاش پەزىلەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. كەمتەرلىك گويا تارازا، كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ چىقالايدۇ. مەنمەنلىك تولىمۇ خەتەرلىك، بۇ هازىرقى زامان كىشىلىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەل. ئۇ هەمىشە مەلۇم مۇرەككەپ شەيئىلەرگە بولغان غۇۋا، يۈزەكى، تاشقى جەهەتتىكى تەسىراتنى بىلىم دەپ تونۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

كەمتەر ئادەم بولۇش دېگەنلىك، باشقىلارنىڭ كىچىككىنە كەمچىلىكلىرىگە كەڭ قورساقلىق قىلالايدىغان ئادەم بولۇش دېگەنلىك، ناۋادا بۇ كەمچىلىكلەر جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزمەيدىغانلا بولسا. كىشىلەر باشقىلارغا قاتتىق تەلەپ قويىغان چاغلاردا مۇشۇ قائىدىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. باشقىلارغا تەلەپ قويۇشقا ماهىر بولۇپلا قالماي، بەلكى باشقىلارنىڭ ئاز - تولا كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىشقا، ئۇلارغا

كەڭ قورساق بولۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا ئازادىلىشىپ قالىدۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىمۇ شۇنداق بىر خىل ئازادىلىك قاپلايدۇ. نۇرغۇن بەختسىزلىكلەر، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق تەلەپ قويۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۇنداق تەلەپ قويمايدۇ. باشقىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشنى بىلگەن بىلەن ئۆزلىرىگە ئۇنداق تەلەپ قويالمايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، تۇرمۇشتا كىشىلەر بىلەنكىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرالار، توقۇنۇشلار، ئائىلە تراگېدىيىلىرى، بەختسىز ئۆسمۈرلەر كېلىپ چىققان. كىشىلەر كەمتەرلىكنى بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ تاجىسى دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاڭلىق ئىنتىزام، مۇقەددەس ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت ھەمدە ئىرادىنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن ماس ھالدا بىرلەشكەن. بىر كەمتەر ئادەم ئەگەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ماختاشقا لايىق بارلىق نەرسىلەرنى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، ھەقلىق دەپ قارىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئىنتىزامنى ھەقىقىي ئەركىنلىك دەپ قاراپ، شۇنىڭ ئۈچۈن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆرەش قىلىدۇ.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر كىرپە ئەتىگەنلىكى دالىدا ئايلىنىپ يۈرسە يىراقتىن بىر توشقان كېلىپ قاپتۇ. كىرپە توشقانغا قاراپ سالام بېرىپتۇ. توشقان كىرپىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماقتا يوق مەسخىرە قىلىپ:

—ھە، كىرپە نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

—توشقان تەقسىر! بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ساياھەتكە ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىرپە. توشقان ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا:

—سېنىڭ پۇتلىرىڭ مايماق، بەللىرىڭ دوڭغاق تۇرۇپ، قانداق قىلىپ ساياھەت قىلالايسەن؟ —دەپتۇ.

كىرپىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرسىمۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

—تەقسىر مېنىڭ پۇتۇم مايماق بولسىمۇ يۈگۈرىدىغان بول-سام مەن سىزدىن ئۆتۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ. توشقاننىڭ غەزىپى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆرلەپ:

—كىلە ئەمسە چىپىشىپ باقايلى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

—بولىدۇ. مەن ئەتىگەنلىك چىپىمنى تېخى ئىچمىدىم، ئىچىپ چىققۇچە كۈتۈپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ كىرپە.

شۇنداق قىلىپ توشقان بىلەن كىرپە ئىككىسى يۈگۈرۈشىدىغانغا كېلىشىپتۇ. كىرپە ئۇۋىسىغا كىرىپ، يەنە بىر سەپدىشىنى چاقىرىپ:

—بول، چاققان تەييارلان. بىز توشقان بىلەن مۇسابىقىگە چۈشىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ. سەپدىشى چۆچۈگەن ھالدا:

—بىز توشقان بىلەن يۈگۈرۈشتە قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟ — دەپتۇ.

—ھەي، ئەخمەق ئىكەنسەن. مەن توشقان بىلەن ئۇ باشقا بارىمەن، سەن بۇ يەردە تۇرىسەن. توشقان يېنىڭغا يېتىپ كەلگەندە «مەن ئاللىقاچان كېلىپ بولغان» دەپ تۇرۇۋەر، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توشقان بىلەن كىرپە ئېتىزنىڭ بېشىغا

بىرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈشنى باشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا توشقان بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، پەللىگە يېتىپ كېلىپ يەنە بىر كىرپىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە:

— سەن قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. كىرپە:

— مەن ئاللىقاچان كېلىپ بولغان، — دەپتۇ. توشقاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— كېلە يەنە بىر قېتىم چېپىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

كىرپە:

— بولىدۇ، —دەپ يۈگۈرۈشكە تەمشىلىپتۇ.

بۇ قېتىم توشقان بار كۈچى بىلەن قۇيۇندەك چېپىپتۇ. ئۇ پەللىگە يېتىپ كېلىپ قارىسا، ھېلىقى كىرپە ئۆز جايىدا تۇرغۇدەك. شۇنداق قىلىپ توشقان بىر قانچە قېتىم يۈگۈرگەندىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ، يولدا يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئىككى كىرپە توشقاننىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆز بېشىغا چىققانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىشىپتۇ. ①

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 6» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ھېكمەت:

ئۆزۈڭنى ھامان باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلاۋەرسەڭ، ئەرزىمەس ئىشلار سەۋەبلىك كۆرسۈڭ چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ھامان كەمتەر بول. كەمتەرلىك كىشىنىڭ زەر باسقان لىباسى.

«تېببي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر» دىن

مەجمۇئە ئىسمى: ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى: كەمتەرلىك ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر: ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: (830001 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ يولى 36 ـ قورۇ)
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مم
باسما تاۋىقى: 3 باسما تاۋاق
خەت سانى: 51 مىڭ خەت
نەشرى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—80744—431—2
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)